


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئاپتورىنىڭ رۇخستى ۋە تەلىپى
بىلەن ئېلكىتاب توردا تۇنجى بولۇپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ئۆمەر ئىمىن

# مەنزىلىم

(تاللانما شېئىر ۋە نەسرلەر)



دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

ئۆمەر ئىمىن
مەنزىلىم
دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

## مەنزىلىم

چۆلدە قېلىپ چاڭقىغان قۇشمەن،
ئۇچماقتىمەن مەنزىلنى كۆزلەپ.
ئۇۋام ئىكەن چىمەنزارلىق باغ،
ئانام ماڭا بەرگەنتى سۆزلەپ.

باغاش قىلىپ سەلكىن شامالنى،
ئۇچماقتىمەن بۇلۇتلار يېرىپ.
يولۇم ئۇزاق — مۇشكۈل بولسىمۇ،
قالمىدىممەن قىلچىلىك ھېرىپ.

پەيلىرىمنى قايرىسىمۇ جۇت،
قاناتلىرىم توختىماي قاقار.
تۇمانلىشىپ قارايسا گەر كۆك،
ئوتۇم يېنىپ چاقماقنى چاقار.

مەنزىل دېگەن يىراقمۇ شۇنداق؟
ئۇچسام، ئۇچسام كۆرۈنمەيدۇ قىر.
ئۈندەر مېنى ئۈمىد – ئارزۇيۇم،
ھاردىم دېمەي قىلىشقا سەۋر.

ئۇچاي مەن، ھېچ توختىماي ئۇچاي،
مەنزىلىمگە يەتكۈچە بىر رەت.
قانىتىمنى كېرىپ چىڭ ھەمرە،
ئىلاھىمدىن تىلەي كۈچ-قۇۋۋەت.

ISBN 978-82-691948-4-5

**ئۆمەر ئىمىن**

# مەنزىلىم

**(تاللانما شېئىر ۋە نەسرلەر)**

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

# مەنزىلىم

## (تاللانما شېئىر ۋە نەسرلەر)

My Destination
Mein Ziel
Hedefim

Author: Ömer Imin

ئاپتور: ئۆمەر ئىمىن
تەھرىر:  نۇرگۇل رۇزى
كوررېكتور: مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ
بەتچىك: ئالىمجان ئىبراھىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئالىمجان ئىبراھىم
نەشر قىلغۇچى: دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى
2021 - يىلى 8 - ئاي

ISBN 978-82-691948-4-5

World Uyghur Writers Union

ھەمكارلاشقۇچى: ئېلكىتاب تورى
www.elkitab.org
ئېلكىتاب



ئۆمەر ئىمىن

# مۇندەرىجە

**ئۆمەر ئىمىننىڭ تەرجىمىھالى ........................................ 1**
**تارىخنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىبرىتى.......................................... 3**
**ۋەتەن ۋە مىللەت ھەققىدە ......................................... 7**
ئانا تىل قوشىقى............................................................ 8
تارىخىمدۇر خانلىق – جۇمھۇرىيەت.................................... 10
ۋەتىنىم! ............................................................................ 12
ئۇيۇشقاق .......................................................................... 14
ۋەتەندىن ئايرىلدىم........................................................... 16
بىزنىڭ دەۋرىمىز يېتىپ كېلىدۇ ........................................ 18
كېتەرمەن........................................................................... 19
مەن ئۈمىدۋار..................................................................... 21
نامايىش قىلدۇق................................................................ 23
بەشىنچى ئىيۇلنى ئۇنۇتما.................................................. 24
ۋەتەننى ساتتىڭ ................................................................ 26
ۋەتەننى ساتما.................................................................... 28
مىللىتىڭنى ئاتمىغىن ....................................................... 30
دېمە.................................................................................. 32
مەسىلە تاپشۇرما!............................................................... 34
مەسلىھەتىم شۇ ................................................................ 36
سېغىندىمەن .................................................................... 38
ئىلاھىم بىر سوئال سورىساڭ........................................... 40
ئاھ! دەريا بويى يېزىسى!.................................................... 42

تارىخ......................................................... 45
كۆك بايراق.................................................... 47
تىلىكىم....................................................... 49
مىللىتىدىن ئۆلمەيدۇ! جاۋابىم باردۇر................................. 51
ھەممە دەردلەندى ....................................................... 55
ئۇيالمامسەن!.................................................. 58
بەش مىڭ كىشىلىك نامايىشقا چاقىرىق ............................. 59
**لىرىكىلار ................................................... 61**
تۈن ۋە قۇياش................................................ 62
ئاقار يۇلتۇزغا ................................................ 64
ئىسيانكار تىلەك............................................... 66
جانانغا......................................................... 68
دەردىم بار..................................................... 70
خىيالچان...................................................... 72
تەن ۋە روھ.................................................... 74
تاغ چوققىسى.................................................. 75
مەن يېنىپ، نۇرغا ئايلىناي........................................ 76
مەنزىلىم...................................................... 78
كەچۈرۈڭلار مېنى ئەمما............................................ 80
كۆز يېشىم ..................................................... 83
سۈكۈت ھېكايىسى.............................................. 85
ئەينەككە قارىسام ................................................. 88
مەن تېخىچە ياش!.................................................. 90
كۈلپەتكە رىتورىك ................................................ 91

ئىسيانكار روھۇم ........................................93
يېڭى يىلدا كۆرگەن چۈش............................................95
مەن بىر يېشىل ياپراق.......................................................97
تېڭىرقاش...............................................................98
كىتابسىز قېلىش..................................................99
يول.........................................................................100
جىمجىتلىق ۋە خىيال ..............................................102
ئەركەم! ..................................................................103
مەن يېنىپ، نۇرغا ئايلىناي ..........................................105
ئۆتۈپ كەتتىڭ، ئەي يىللار!...............................................107
قەلبىمدە ..................................................................109
يۈرىكىمدىن چىققىنى ..................................................110
بۇ قانداق تەقدىر ........................................................111
يىللارغا خىتاب! ..........................................................113
دەيمەن! ...................................................................114
تۇپراق ....................................................................116
قارلىق ......................................................................118
بۈگۈن كېچە ...............................................................119
ئانا كەپتەر ۋە باچكىسى ............................................121
ئەندىشەلەنمە! باچكاڭدىن ...........................................123
خانقىز! ..................................................................125
چۈشەندىم يارىم ئىشارىتىڭدىن... ..................................126
مەن ئاشىق بولغان قىز ................................................128
ئايرىلغاندا ...................................................................129

سۆيگۈ ئىستىكى ........................................ 131

ئادەم ۋە مايمۇن ........................................ 133

سۆيسەڭ مېنى! ........................................ 134

ياشلىقىم ........................................ 135

ئۇيغۇتىۋېتىڭلار مېنى ئانا ........................................ 136

چۈشۈمگە سوئال ........................................ 138

چۈش! ........................................ 140

تۇتقۇنغا خىتاب! ........................................ 141

**مەدھىيە ۋە تەنقىد ........................................ 143**

كۆك مايكىلىق قىز ناخشىسى ........................................ 144

مەرسىيە........................................ 146

تەنقىد ........................................ 148

ئەردوغان........................................ 149

نوچىلارغا تەنبىھ........................................ 151

دېدىلىڭ........................................ 153

بىر ئۇيغۇرغا........................................ 155

مەسلە تۈگىمەيدۇ........................................ 157

تىبەتلەرگە ئاپىرىن........................................ 161

روياشخان - ئىپارخان ........................................ 165

سېنى بوغار ئەل قەھرى........................................ 169

قورچاق ساقچىغا........................................ 171

خۇدا بىزگە بېرىدۇ........................................ 173

قىزلىرىمنى ئېلىپ كەتمە ........................................ 175

سۈكۈت ........................................ 177

بىر ئۇيغۇر بار بېرلىندا! ................................................ 179
ئىككىلىك چىقمىسۇن ................................................ 181
بېنگالىقتا بارىكالا ................................................ 183
ئۇيالمامسەن ................................................ 184
خىتاي مىلىتى ئالمىغىن ................................................ 185
چاقمىغىن ................................................ 187
ئانىلارغا ئاپىرىن! ................................................ 188
كۈرەش ئۆلمىدى! ................................................ 191
پەخىرلىنىمەن فاخرەتدىن ................................................ 193
رامىزان ................................................ 195
مۇسۇلمانلارغا مۇراجىئەت ................................................ 197
ئۇيغۇر قىزى مېنىڭ سىڭلىم! ................................................ 200
سەن يالغۇز ئەمەس ................................................ 202
دەستىچىگە گۈلدەستە ................................................ 204
ل.مۇتەللىپنىڭ توغۇلغان كۈنگە ................................................ 206
قاچانغىچە ................................................ 207
**نەسرلەر ................................................ 209**
ئۈجمە! ................................................ 210
مېنىڭ ئانام ................................................ 215
مېنىڭ ئاتام ................................................ 223
قەھرىمانلارنىڭ توغۇلۇشى – زۇلۇمنىڭ بوغۇلۇشى ................................................ 232
ئۇيغۇرلۇق، قېرىنداشلىق ۋە تەقدىرداشلىق ................................................ 245
ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ ماكانىم! ................................................ 250
كىملىكىمىز ۋە مەنسۇبىيىتىمىز ................................................ 255

ئائىلە نۆۋىتىدىن-مىللەت نۆۋىتىگىچە ............................... 260
خىتاي ۋاباسى ۋە تۈرك داۋاسى........................................ 267
ئۆزىل ئۆزگىچە............................................................ 271
ئەخمەت داۋۇت ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر سۆيگۈسى................ 277
مەن ئۈمىدۋارمەن! ........................................................ 281
دىۋە ۋە ئەجدەرھا.......................................................... 285
(مەسەل) .................................................................... 285
مەسىلە تاپشۇرۇش ...................................................... 289
(دىراما)...................................................................... 289

# ئۆمەر ئىمىننىڭ تەرجىمھالى

ئۆمەر ئىمىن 1967-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق توقسۇ ناھىيەسىدە خىتاينىڭ ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى باشلىغان، زۇلمەتلىك قارا يىللارنىڭ ئەتىياز پەسلىدە گۈل-گىياھلار بىخ سۈرۈپ، دەرەخلەر پوتلا تاشلاپ، تەبىئەت ئىللىشقا باشلىغان 5-ئايدا دۇنياغا كۆز ئاچقان. 1974-يىلدىن 1984-يىلغىچە توقسۇدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1984-يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1988-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئوقۇش جەريانىدا خىتاي سىياسىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق نامايىشىغا قاتناشقان ۋە خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى سىياسىي ھەرىكىتىنى باشلىغان.

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دەسلەپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، ئائىلە-تاۋابىئاتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن يۇرتى توقسۇغا قايتىپ، ناھىيەلىك پارتىيە مەكتىپىدە ۋە قوشۇمچە توقسۇدا ئېچىلغان سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ قارمىقىدىكى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىدە سىياسەت پەنلىرى لېكتورى بولۇپ ئىشلىگەن. 1994-يىلى 2-ئايدا يۇرتى توقسۇدا سەپداشلىرى بىلەن بىرگە «شەرقىي تۈركىستان ھەققانىيەت پارتىيەسى»نى قۇرۇپ

چىقىپ، ياشلارنى تەشكىللەپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىدېئولوگىيەلىك تەشۋىقات ۋە ئەمەلىي قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەققانىيەت پارتىيەسىنىڭ پائالىيەتلىرى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، پارتىيەنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى تۇتقۇن قىلىنغان. ئۆمەر ئىمىن بەختكە يارىشا ئامان قېلىپ، چەتئەلگە چىقىپ كېتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ۋە 1996-يىلى گېرمانىيەگە كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن. ئۇ ھازىرغىچە گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ.

ئۆمەر ئىمىن گېرمانىيەدە ھەرخىل سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقاندىن باشقا قوشۇمچە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ 2016-يىلى 11-ئايدا ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى تەرىپىدىن «نىدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 2020-10-ئايدا دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن لاگېر پاجىئەلىرى پاش قىلىنغان «پانى دۇنيادىكى دوزاخ» ناملىق ئوچېرىك ۋە ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان.

# تارىخنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىبرىتى

مۇتەللىپ سەيدۇللا

*ئۆتمۈشى غۇۋا مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ غۇۋا بولىدۇ*
*— ھېرمان ۋامبېرى*

ھەرقانداق شائىرنىڭ ئىلھام بۇلىقىنى ئۆزى كۆرۈۋاتقان ھەم ياشاۋاتقان مۇھىتتىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. كۆرۈۋاتقىنىمىز، ئاڭلاۋاتقىنىمىز ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىمىز بىۋاسىتە قەلەم ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كېلىدۇ. «مەنزىلىم» ناملىق بۇ توپلامنى تۇنجى قېتىم ئوقۇۋېتىپ، ئوسكار مۇكاپاتىغا نائىل بولغان «تىتانىك ناملىق پاراخوت» فىلىمىنى ئەسلەپ قالدىم. پاراخوت چۆكۈش ئالدىدا يولۇچىلار ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە قېچىۋاتقان تىراگېدىيەلىك مەنزىرىنى يەنە بىر قېتىم خىيال قىلىپمۇ ئۈلگۈردۈم. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ تىراگېدىيەلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسان ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان ۋەھشىيانە قاتىللىق سەۋەبلىك خانىۋەيران، سەرسان-سەرگەردان بولغان ئۇيغۇرلارنى، چۆكۈۋاتقان شۇ پاراخوتتىكى جانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان يولۇچىلار دەپ قىياس قىلسام، جەزمەن خاتالاشمىغان بولىمەن. چۈنكى، رېئاللىقىمىز بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ھالەتتە! .

مەنزىلىم-بىر ئىنساننىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى خۇلاسىسىدۇر. قولىڭىزدىكى بۇ توپلاممۇ شائىر ئۆمەرجان ئىمىنىنىڭ ھايات تەلقىنلىرى داۋامىدىكى ئارزۇ-ئۈمىدلىرى، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلار، شۇنداقلا

مىللەتنىڭ بېشىدىكى تىراگېدىيەلىك مۇسىبەت-قىسمەتلەرگە بولغان ئەركەكلىك ئىسيانىدىن ئىبارەت. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن، بولۇپمۇ شېئىرلاردىن ھەركىمنىڭ زوق ئېلىشى ياكى ھۇزۇر سۈرۈشى ئوخشاش بولمايدۇ. بىراق، شائىرنىڭ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن قېچىشى بولسا، ئەسلا قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغان ئەخلاق ۋە ۋىجدان مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ. شائىر ئۆمەرجان ئىمىنىنى بۇ نۇقتىدا ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلدى دەپ قارايمەن .

بارغانسېرى كىچىكلەپ، مۇساپىلەر يېقىنلاپ، دۆلەت بىلەن دۆلەتنى، ھەتتاكى چېگرىلارنىمۇ ئايرىماق تەس بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا-ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن تار قەپەزگە ۋە قەتلىئام ئەۋج ئالغان تۈرمىگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ. دۇنيادا ئادالەتنىڭ كۆزى كور، ھەقىقەتنىڭ رەڭگى تونۇغۇسىز بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. « زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ » دېگەندەك، دۇنيادا زوراۋانلارنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىۋاتىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىز، دىنىمىز، دۆلىتىمىز، ھەتتا روھىمىزمۇ تارتىۋېلىنىشقا، تالان-تاراج قىلىنىشقا، خورلۇققا، ئۆلتۈرۈلۈشكە دۇچ كېلىپ، دۇنيادىن ئىزىمىزنى يوق قىلىش سۇيىقەستىدىكى ياۋۇزانە ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە ، «مەنزىلىم» ناملىق بۇ توپلام، بىزنىڭ مۇستەبىتلەر تارتىۋالالمايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قورالىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىيات ئىكەن. دېمەك، شائىرنىڭ بۇ توپلىمى ئادالەتسىزلىككە، مۇستەبىتلىككە ۋە زۇلۇمغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ، زامانىمىزدىكى فاشىست، قاتىل ۋە زالىم خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئېتىلغان ئوق، باتۇرلۇق شەجەرىسى ۋە جەڭگىۋارلىق مېلودىيەسىدۇر.

بۇ يەردە، مىللەتنىڭ ئۈستىدىكى قانلىق قىسمەتلەرنى تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كېتەلمىدىم. چۈنكى، بىز ھەركۈنى ھېس قىلىۋاتقان قورقۇنچلۇق قىسمەتلەر، كۆرۈۋاتقان قاباھەتلىك چۈشلەر، ئىنسان ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان

مەنزىرىلەر بىر ئاچچىق ھەقىقەت بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇ بولسىمۇ، دەل بىزنىڭ ئۇيغۇرلۇقىمىزنىڭ، يەنى مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنىڭ ئۆلۈم دارى ئالدىدىكى ئىڭراۋاتقان پاجىئەلىك مەنزىرىسىدۇر.

«مەنزىلىم»دىكى ئەسەرلەرگە ئۆزۈمچە باھا بېرىشنى تازا ئۇيغۇن دەپ قارىمىدىم. بەلكى بۇ كىتابقا بولغان باھانى كەڭ ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمغا قالدۇرىمەن. شۇنداقتىمۇ، مەزكۇر توپلامنى ئوقۇش تەسىراتىم شۇكى، بۇ توپلامدا ھېسسىي تۇيغۇلارغا قارىغاندا ئەقلى تەپەككۇرلار ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋەتەن ھەسرىتى ۋە مىللەت سۆيگۈسى مۇساپىرلىقتا ھالسىرىغان ئاپتورنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ. شۇڭا ئاپتور قەلەمنى قورال، رەڭنى بايراق، سىياھنى ئوق قىلىپ، ئىسيانكار مىسرالارنى قەغەزدىن ئىبارەت جەڭگاھتا ھۇجۇمچى قوشۇن قىلغان. توپلامدىكى شېئىرلار، نەسىرلەر ۋە دراما مىللەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئومۇمىي بايان بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇسى ئانا تېما شەكلىدە بايان قىلىنغان. شۇڭا، شائىرنى شېئىرلارنىڭ تارىخىي پۈتۈكچىلىك رولىنى قايتىدىن تونۇتقان دېسەم، خاتالاشمىغان بولىمەن. دېمىسىمۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەر بۈگۈننىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەتىنىڭ ئەينىكىدۇر!

ئامېرىكىلىق مەشھۇر نېگىر يازغۇچى، 1993-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى تونى موررىسوننىڭ «جان قوزام» ناملىق رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، پات-پاتلا چوڭقۇر ئويغا چۆمدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ رومانىدا، نېگىرلارنىڭ ئۆزلىرىنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇش يولىدىكى كۈرەش جەريانلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، باش پېرسوناژ سېبس ئېكىنزارلىقتىن بوۋىقىنى ئېلىپ قاچىدۇ. ئەمما ئۇ قۇلدارغا تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۆزى بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە قالمىسۇن دەپ، بالىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇ سەۋەبلىك، بىر ئۆمۈر شۇ بوۋىقىنىڭ ئەرۋاھىدىن ھەم ۋىجدان ئازابىدىن

قۇتۇلالماي ياشايدۇ. بۇ يەردە بۇ رومانىي مىسال كەلتۈرۈشۈم كەڭ ۋەتەنداشلارغا نەسىھەت قىلىش ئەمەس، بەلكى پەقەتلا بىر ئۆتۈنۈش يەنى، چەتئەللەردە ئانا تىلىمىزدا چىقىۋاتقان ئەسەرلەرنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىسەڭلاركەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. چۈنكى، ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا يۇقىرىدىكى رومانىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنى ھېچكىممۇ ئەمەلىيىتىمىزدە يۈز بەرمەيدۇ دېيەلمەيدۇ. سەۋەبى-تارىخ مەڭگۈ ئاشۇنداق رەھىمسىزدۇر.

بۈگۈنكىدەك ئېغىر كۈنلەرنى كىتاب شەكلىدە يېزىپ قالدۇرۇش يازغۇچىلارنىڭ ئىشى بولسا، ئۆز ئانا تىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنىڭ قەدرىنى قىلىش، قىممىتىنى بىلىش مۇھاجىرەتتىكى ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىدۇر. مۇبادا سىز قەلەم تۇتۇشقا ماھىر بولمىسىڭىز، ئۇ ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان ئوقۇرمەنلىك بۇرچىڭىز ئارقىلىق، ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسىگە ھەم مىللەتنىڭ كېلەچىكىگە بولغان مەجبۇرىيىتىڭىزنى نامايان قىلىڭ .

ئاخىرىدا، ئەڭ جاپالىق ھايات شەرتلىرىدىمۇ بىر ئۇيغۇرلۇقنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىۋاتقان ئاپتورغا تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇقلار ۋە يۇقىرى پەللىلەر تىلەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېغىر كۈنلەردە بىر-بىرىگە يۆلەك بولۇپ ياشاۋاتقان كەڭ ۋەتەنداشلارغا، قەلبىمىزدىكى باھار پەيتلىرىنىڭ پورەكلىگەن گۈللىرىنى قۇتلۇقلاش بايرىمىنى كۆرۈشكە، ھەممىمىزنىڭ ئۆمۈر مەنزىللىرىدىن ئەڭ گۈزەل نەتىجىلەرنى قالدۇرۇشقا نېسىپ بولۇشىنى تىلەيمەن.

2021-يىلى 6-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئوسلو (نورۋېگىيە)

# - ۋەتەن ۋە مىللەت ھەققىدە -

# ئانا تىل قوشىقى

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم!
ئۇ ماڭا كىرگەن قېنىم بىلەن.
ئۇنىڭسىز مەن قانداق ياشاي؟
قوغدايمەن ئۇنى جېنىم بىلەن.

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم!
مەن ئۇنى جان ئانامدىن ئۆگەنگەن.
ئېيتقاندا ئانام ئەللەي ناخشىسى،
بۆشۈكۈمدە تاتلىق چۈشكە بۆلەنگەن.

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم،
قەلبىمنى ئۇ ئىللىق نۇرغا ئورىغان.
ئاتام مېنى مۇرىسىگە ئالغاندا،
مەن ئۇنىڭدىن ئەركەكلىكنى دورىغان.

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم!
مەن ئۇنىڭدا ئاداش-ئاداش ئوينىغان.
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ چاپقاندا،
مەھەللىمىزدىن ئالۋاستىنى قوغلىغان.

ئۇيغۇر تىلى ـ مېنىڭ ئانا تىلىم!
مەن ئۇنىڭدا خەت ـ ھەرپنى ئوقۇغان.
بوۋام ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بەرگەندە،
سادىر بولۇپ مەن قوشاقلار توقۇغان.

ئۇيغۇر تىلى ـ مېنىڭ ئانا تىلىم،
مەن ئۇنىڭدا كائىناتتىن ئىلىم قۇچقان.
سۆزلەپ بەرسە مومام ماڭا ياغاچ ئاتنى،
ياساپ مەن راكېتانى كۆكتە ئۇچقان!

ئۇيغۇر تىلى ـ مېنىڭ ئانا تىلىم!
مەن سېنى ئۆز جېنىمدەك كۆرىمەن!
بىر دەقىقە ئەگەر سېنى ئۇنتۇسام،
يۈز كېلەلمەي ساڭا چوقۇم ئۆلىمەن!

# تارىخمدۇر خانلىق – جۇمهۇرىيەت

ئىككى جۇمهۇرىيەت-دۆلىتىم، تەختىم مېنىڭ،
مۇستەقىللىق، ھۆر- ئازادلىقىم بەختىم مېنىڭ!

ئوغۇزخان تۇنجى بولۇپ يانى كېرىپ ئوق ئاتقانتى،
ئۇ زامان باشقىلار تېخى ئۈگكۈرده مۆكۈپ ياتقانتى.

ئاتىللا قاراپ شەرققه قاپىقىنى چىڭ تۈرگەنتى،
خىتايلارنى قوغلاپ سېپىل ئىچىگه سۈرگەنتى!

ئەجدادلىرىم ئوغۇز-تۈرك ئوقياسىنى كەرگەنتى،
رەقىبلەرنى تىترىتىپ، تۈم جاھاننى كەزگەنتى!

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قۇرغان بۈيۈك خانلىق،
بولۇپ مۆمىن-مۇسۇلمان، ئىز سالدى شانلىق!

قاراخانىيلار دۇنيادا تاپتى شۇنچه كۆپ شۆھرەت،
چىقتى ئالىم، پالۋانلار، تاپتى ئۇيغۇرلار قۇدرەت!

مەھمۇد، يۈسۈپ ھاجىپلار يازغان ئىدى دىۋاننى،
مەپتۇن بولۇپ شاھلارمۇ قالغانتى بەك ھەيرانى.

ئىدىقۇت ھەم سەئىدخان پارلاق يول ئاچقان،
ئامانىسا مۇقامى پۈتۈن ئەلگە نۇر چاچقان!

ئۇيغۇر شۇنداق ياشىغان، شۆھرەتكە تولۇپ،
قالدى بۈگۈن نە سەۋەب قۇدرىتى سولۇپ؟

كەلدى نەدىن غوجىلار، قارىسى ۋە ئاپپىقى،
چىقتى ئەلدە نىزالار، تەخت-تاجى چاتىقى.

باشلاپ كەلدىلەر ياۋنى ئاپئاق شۇم نىيەت،
چۈشتى ئۇيغۇر قۇللۇققا، مۇنقەرزدۇر دۆلەت!

ئۇيغۇر بولماس ھېچقاچان دۈشمىنىگە قۇل،
سالدى يەنە يېڭىدىن ھۆرلۈككە چىلىك ئۇل!

قۇردى ئىككى جۇمھۇرىيەت قەشقەر، ئىلىدا،
يېزىلدى بۇ تارىخ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىلىدا!

قانلار بىلەن پۈتۈلگەن بۇ تارىخىمىز ھامان،
دۈشمەنلەرنى بەك لەت قىلار، كەلگەندە زامان.

ئۇيغۇر قۇرار ھامىنى مۇستەقىل بىر دۆلەت،
ھاكىم بولۇپ ئۆزىگە، تىكلەر يەنە سەلتەنەت!

## ۋەتىنىم!

جاھان رەنالىرى ئىچرە تەك سۆيگەن يارىم — ۋەتىنىم،
سىنى دەپ يانار يۈرەك، ئاشىقى بىقارارىم — ۋەتىنىم.

ئالسام نەپەس ھاۋارىڭدىن، يايرايدۇ جىنىم مىنىڭ،
جانغا بەخش ئارامگاھىم، كۈچ — مادارىم ئەي ۋەتىنىم.

بولمىغاندۇر سەنسىز ھېچ بەختى — ئىقبالىم پارلاق،
سەن بولغاچقا ھاياتىم خوش، شادىمانىم ۋەتىنىم.

گۈل ـ غۇنچىلار بولدى بىغىڭدا گۈزەل بىر لالىگاھ،
گۈزەللىك بابىدا تەڭداشىسىز گۈلزارىمسەن ۋەتىنىم.

ماڭسام تاغ ـ جىرالاردا، ئوتلىرىڭ بولدى پاياندار،
يانتاق ـ تىككەنلىرىڭمۇ بىر گۈلدۇر ماڭا ۋەتىنىم.

باغدا بۇلبۇل سايرىشار، تاغ باغرىدا كاككۇكلىرىڭ،
مۇقاملىرىڭ بىباھا، دىلغا ئارامىم ـ جان ۋەتىنىم!

ئوغلانلىرىڭ ئۇدۇم ئالغان ئەجدادىدىن مەردلىكنى،
قىزلىرىڭ گويا پەرى، ھۆر ـ غىلمانىم — خان ۋەتىنىم!

تارىخىڭ شانۇ — شەۋكەتلىك، مۆجىزىلەرگە تولغان،

مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان ئىلىم-ئىرپانىم ۋەتىنىم!

تاغۇ- دەريا، يەرلىرىڭ كان-مەدەنلەرگە لىق تولغان،
ئالتۇن-كۈمۈش، مايلىرىڭ ئەلگە دەرمانىم ۋەتىنىم!

سەلتەنەتلىك تەخت قۇرغان، ئەجدادلىرىم شاھ بولۇپ،
ئەزەلدىنلا ھۆر ئىدىڭ، ئەركىن دىيارىمسەن ۋەتىنىم!

ۋەتىنىم، ئەي ۋەتىنىم، ساڭا تەڭ ئەمەس ھېچ بىر يەر، سېنىڭ
ئۈچۈن جېنىم پىدا، دىل خۇمارىم ۋەتىنىم!

## ئۇيۇشقاق

نامى ئىكەن مىللىتىمىزنىڭ ئۇيۇشقاق!
چاپلىشىپتۇ ئەمما ھازىر بىر بۇدۇشقاق.

بىر-بىرىمىزنى كۆرەلمەي بەك غاجاشتۇق،
ئېجىل-ئىناق ياشىماقتىن بىز ئاداشتۇق.

ئورا كولاپ بىر-بىرىمىزنى ئىتتەردۇق،
ئەمما چۈشۈپ ئۆزىمىز غال تىترىدۇق.

چوڭىمىز، چوڭ بولماستىن ئاچتۇق باش،
كىچىكلەرمۇ قاتتىق دېمەي ئاتتۇق تاش.

ھەق سۆزلىسە ئۇ ھېچكىمگە يارىماس،
توغرا سۆز ۋە مەسلىھەتكە ھېچ قارىماس.

بىرى چىقسا باشچى بولۇپ چۆكۈردۇق،
كىچىككىنە قۇسۇر تاپساق تۆكۈردۇق.

مەنپەئەتلەرگە بىر-بىرىمىزنى سېتىشتۇق،
گۇرۇھ بولۇپ ئۆز- ئارا ئوق ئېتىشتۇق.

ئايرىلىپ مەزھەپلەرگە قىلدۇق جېدەل،
كۆتۈپ ياردەم بەندىدىن تۆلىدۇق بەدەل.

تارىخىمىزنى توغرا-دۇرۇس بىلمىدۇق!
ئۇيۇشۇپ بىر جان-بىر تەن بولمىدۇق.

ئەجدادىمىز ئۆتتۈپتىكەن بولۇپ ئۇيۇشقان،
ئۆتەرمىزمۇ ئەمدى بىزبولۇپ ئۇرۇشقاق؟

## ۋەتەندىن ئايرىلدىم

*ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق.*
*— مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا*

ۋەتىنىم، ئايرىلدىم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
ياۋ كېلىپ بېغىڭنى غازاڭ قىلغاچقا.
نەپرىتىم تاشقانتى ئۆرلەپ دېڭىزدەك،
خەلقىمنى قامچىلاپ، يۈرەك تىلغاچقا.

ۋەتىنىم، ئايرىلدىم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
زالىملار زۇلۇم سېلىپ ئارام بەرمىگەچ.
كۆڭلۈم غەش شۇ كۈندىن تا ھازىرغىچە،
سەنسىز ھېچ يەردە خوشلۇق كۆرمىگەچ.

ۋەتىنىم، ئايرىلدىم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
قىلغاچقا سەن ئۈچۈن قوزغىلىپ ھەرىكەت،
گەر مەغلۇپ بولسامۇ ئۈمىد ئۈزمىدىم،
كېلەرمەن ھامىنى غازى بولۇپ بىر رەت.

ۋەتىنىم، ئايرىلدىم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
قەسەملەر بەرگەنتىم سېنى قوغداشقا
جىسمىممۇ، روھىممۇ سېنى دەپ تىترەر،
يات ئەلدە تۇرسامۇ ئەھدىم بولغاچقا!

ۋەتىنىم، ئايرىلدىم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
ئوتۇڭدا كۆيۈشكە يېنىپ، يىراقتا تۇرۇپ.
سەن ئۈچۈن ئەقىدەم مەڭگۈ تەۋرەنمەس،
سېنى دەپ يىغلىدىم كۆز يېشىم تولۇپ.

## بىزنىڭ دەۋرىمىز يېتىپ كېلىدۇ

ھەرقانچە دەھشەت بىلەن باستۇرساڭمۇ،
ھەق دېگەننى تۇتۇپ-سولاپ ئاستۇرساڭمۇ،
تۇسالمايسەن ئەركىنلىكنى، چاپتۇرساڭمۇ،
پات يېقىندا يېتىپ كېلەر بىزنىڭ دەۋرىمىز!

پۈتۈن دۇنيا بىلىپ بولدى يارا ئەپتىڭنى،
قالالمايسەن ساقلاپ ھەرگىز قارا بەختىڭنى،
گۇم بولۇپ سەن، يوقىتىسەن ئارا تەختىڭنى،
پات يېقىندا يېتىپ كېلەر بىزنىڭ دەۋرىمىز!

ئۇيغۇر دېسە پۈتۈن دۇنيا بىلىپ بولدىغۇ،
كۈرەش قىلىش ئىرادىمىز راسا تولدىغۇ،
قايناق دەۋر ئالدىمىزدا، ئاتلار يولدىغۇ،
پات يېقىندا يېتىپ كېلەر بىزنىڭ دەۋرىمىز!

كوممۇنىزم، مۇستەملىكە تاپىدۇ زاۋال،
ھۆر بولىدۇ ئۇيغۇرلار ھەممىدىن ئاۋۋال،
كۆرمىدىڭمۇ سوۋېتلەرنى، ئەمدى ساۋاق ئال
پات يېقىندا يېتىپ كېلەر بىزنىڭ دەۋرىمىز!

## کېتەرمەن

کېتەرمەن ھامىنى ۋەتەنگە قايتىپ،
پۇراپ مەن ھىدىنى زادى قانمىدىم.
دەيمەن بىر چىمدىم توپا يەۋالسام،
قالمايتتى ئۆلسەممۇ ھېچ بىر ئارمىنىم.

کېتەرمەن ھامىنى ۋەتەنگە قايتىپ،
يات ئەلدە تۇرۇپ ھېچ ھۇزۇر ئالمىدىم.
بەخت يار بولمىدى ۋەتەنسىز ماڭا،
ھەقىقي يايراپ بىر كۈلۈپ باقمىدىم.

کېتەرمەن ھامىنى ۋەتەنگە قايتىپ،
يات ئەلدە ئازادە دەسسەپ ماڭمىدىم.
ئېگىز-چوڭ بىنالار سايە تاشلاپ تىك،
يۈزۈمگە نۇر تەگمەي، تىترەپ چامدىدىم.

کېتەرمەن ھامىنى ۋەتەنگە قايتىپ،
پۇل تاپتىم ئەمما، ھېچ راھەت كۆرمىدىم.
بولغاندىن يات ئەلدە شاھى ۋە سۇلتان،
ئېلىمدە بولسامۇ ئۇلتان خوش ئىدىم.

کېتەرمەن ھامىنى ۋەتەنگە قايتىپ،

ئۆز ئەلدە ياشنايدۇ ھاياتىم-جېنىم.
ۋەتىنىم تۇپرىقىغا كۆمۈلسەم ئەگەر،
قالاتتى شاش روھۇم بۇرۇنقى پېتىم!

## مەن ئۈمىدۋار

بىر كۈن كېلەر ئىنسانىيەتكە مەن ئۈمىدۋار،
ئەلگە ھۆرلۈك، ئادالەتكە مەن ئۈمىدۋار،
كۆزدىن يوقار جاھالەتكە مەن ئۈمىدۋار،
قوغلىنار شۇم ئاسارەتكە مەن ئۈمىدۋار،
ئەل باياشات، سائادەتكە مەن ئۈمىدۋار.

يۇرتىمىزدىن ياۋلارنى بىز قوغلاپ چىقارساق،
ئېزىلىش ۋە ھەقسىزلىقنى تامام يوقاتساق،
خەلق بولسا ئۆزى ھاكىم، تۇغلارنى ئاسساق،
ھەقىقەتلەر ھۆكۈم سۈرسە، بەختكە تولساق،
ئەركىن-ئازاد، ھۆر ۋەتەنگە مەن ئۈمىدۋار.

ئۇيغۇرلارمۇ ئىنسان بولسا دۇنيا قاتارى،
ئەركىن بېرىش-كېلىشلەرگە ئاچسا يوللارنى،
دۆلەت بولۇپ قىلسا ھەم ياخشى رول جارى،
باغدا بۇلبۇل، ئۆيدە دۇتار سايرىسا بارى،
تىنچ-پاراۋان، بەخت-ئامەتكە مەن ئۈمىدۋار.

خەلقىم ئالسا شان-شەرىپىنى قايتىدىن قولغا،

جۇشقۇنلۇقتا قەدەم قويساق يېڭى بىر يولغا،
چۆل-باياۋان، تاغ-تاشلارمۇ ئايلانسا باغقا،
بولسا يۇرتۇم گۈل-باغلىق بىر سەيلىگاھقا،
بارچە خەلقنىڭ شادلىقىغا مەن ئۈمىدۋار.

ئەل-جامائەت، ۋەتىنىم گۈللەپ ياشىنىسا،
ئىلىم-ئىرپان، يېڭىلىقلار تولۇپ تاشسا،
زاۋۇت-قۇرۇلۇش، فابرىكىلار ھەم قۇرۇلسا،
ئېتىز- ئېرىق، دېھقانچىلىقمۇ راۋاجلانسا،
خەلقىمىزگە كېلەر نۇسرەت مەن ئۈمىدۋار!

## نامايىش قىلدۇق

قىلدۇق بۈگۈن نامايىش بىز زۇلۇمغا قارشى،
يىغىلغانتۇق جىق ئۇيغۇرلار كونسۇل ئالدىغا.
كۆتۈرۈشتۇق ھەر خىل تاختاي-لوزۇنكىلارنى،
تۈرگەن ئىدۇق كۈرەشكە يەڭ، مۆكمەي دالدىغا.

تىزىلغانتى قېرىنداشلار ئۇزۇن سەپ بولۇپ،
چۆمگەن ئىدى ھەممە بىردەك چىن ھاياجانغا.
تىترەيتتى قەلبلەرمۇ ۋەتەن دەپ سوقۇپ،
ھومىياتتۇق ماراپ تۇرغان خىتاي- قاۋانغا.

مەقسىدىمىز تەلەپ قىلىش ھوقۇقىمىزنى،
توۋلىدۇق بىز ھەرخىل شوئار يۇقىرى ئاۋازدا.
تارقىتاتتۇق تەشۋىق-ۋاراق يەنە بىر ياقتىن،
يېغىپ كەتتى ئەتراپلاردىن ھېسداشلىق سادا.

بولسىمۇ گەر بۇ نامايىش ئەلەمسىز چۇقان،
ئۇرغۇتقانتى قەلبىمىزدە دۈشمەنگە نەپرەت.
بويسۇنمىغان ئۇيغۇر ھېچ بىر تاجاۋۇزچىغا،
ئۆچۈرمەيمىز كۈرەش ئوتىنى ئەبەدىل-ئەبەد.

## بەشنچى ئيۇلنى ئۇنۇتما

*(ئۆتمۇشنى ئۇنۇتقان خەلق كەلگۇسگە ئىگە بولالمايدۇ)*

ئۇنۇتما هەي ئۇيغۇرۇم، ئۇ جاراهەتنى ئۇنۇتما!
قانداشلىرىڭ قىرىلغان جىق قاباهەتنى ئۇنۇتما!
جەڭگە چىققان ياشلاردىكى جاسارەتنى ئۇنۇتما!
ياۋ ئوقىدا ئاققان قاننى، هاقارەتنى ئۇنۇتما!

5-ئيۇل كوچىلارغا چىققان ئىدۇق قوزغىلىپ،
ئىچكىرىدە ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشقا دات ئوقۇپ.
قىلساقمۇ تىنىچ نامايىش رەقىبلەر ئوققا تۇتۇپ،
قان-ياشلارغا مىلەنگەن ئۇ ئاهانەتنى ئۇنۇتما!

تولغان ئىدۇق ئۇ كۈنى ياۋغا نەپرەت، غەزەپكە،
هەق-هوقۇقنى، ئادالەتنى تەلەپ قىلدۇق ئەبەدكە.
مىلتىق بىلەن جاۋاب بەردى ياۋلار ئاجىز مىللەتكە،
مىڭلاپ ئۇيغۇر شېھىت بولغان ئاداۋەتنى ئۇنۇتما!

مىللىتىمىز باشلىرىغا كەلدى نۇرغۇن تالاپەت،
ۋەهشىي رەقىب هايۋاندەك غالجىرلاشتى ئالامەت.

مىڭلاپ ئانا، يېتىم بالا قالدى ئىچرە مالامەت،
ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغان جامائەتنى ئۇنۇتما!

قانلار كېچىپ، جان بېرىپ ماڭدۇق ئەجداد يولىدا،
كۆرەشنى بىز ئۇدۇم ئالدۇق، ئەۋلاد بۇرچى دولىدا.
ئاقسا قانلار، چىقسا جانلار تەۋرەنمەيمىز زادىلا،
قىساس بىزنىڭ قەرزىمىزدۇر، ئامانەتنى ئۇنۇتما!

## ۋەتەننى ساتتىڭ

قىلغان ئىدۇققۇ، قانلىق جەڭلەر بىز،
يوقۇتۇپ دۈشمەننى، قالدۇرۇپ كۆپ ئىز.
ئالدىنىپ ئەمماكى، سۈلھى-سالاغا،
نامەردلەر بىلەن بىتىم تۈزدۇق بىز.

دۈشمەن ئىدى قۇۋ، ئەھدىنى بۇزار،
بىتىم بۇزۇلۇپ، بولدى سىر ئاشكارا.
جىم ياتتۇق يەنە، داتلاشتى مىلتىق،
تىنچلىق ئەۋزەل دەپ، تووۋلىدۇق شوئار.

قاچتى تەيۋەنگە مىللەتچى خىتاي،
چىقتى تەختكە كوممۇنىست خىتاي.
ئىككى ۋە سېرىقى ھەممىسى بىر ئىت،
خىتاينىڭ قىزىلىمۇ بەربىر خىتاي.

ئاچقاندا كوممۇنىست، بۈيۈك قۇرۇلتاي،
ۋەتەندە لەپىلدەيتتى تىخى يۇلتۇز- ئاي.
بىيجىڭدىن تەكلىپلەر كەلدى ئۈيغۇرغا،
موسكۋا بۇيرۇق بەرمىش ھەمدە ئۇيالماي.

چىقىشتى رەھبەرلەر يىراق-سەپەرگە،
ئورۇسنىڭ يۇرتىغا، خائىن بىر ئەلگە.

بۇيرۇپتۇ ستالىن تەسلىم بولۇشقا،
خىتايغا قوشۇلۇپ، ياشاشقا بىرگە.

ئەخمەتجان قارشى ئىدى بۇ ھۆكۈمگە،
كەلمىدى رۇس بىلەن ھېچ بىر پۈتۈمگە.
قارارىتى ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل ياشاش،
شۇ سەۋەبتىن يولۇقتى ناھەق ئۆلۈمگە.

چىققانتى رەھبەرلەر ئايروپىلاندا يولغا،
كۆپ ئۆتمەي خەۋەر كەلدى قازا بولدى دەپ.
ئىشەنمىدى خەلقىمىز بۇ سىرلىق ئىشقا،
يىغلىدى ئۇيغۇر خەلقى، ئېغىر قايغۇ يەپ.

چارىسىز قالدى ئەل سىرلىق ۋەقەگە،
خىتايلار خۇش ئىدى، بىرلەشتى كۈلكە.
تېپىشتى ئۇيغۇردىن يەنە بىر ساتقۇن،
بولۇپ قالدى ۋەتىنىم خىتايغا ئۆلكە.

يول ئالدى سەيپىدىن بېيجىڭغا يەنە،
كوممۇنىست خىتايغا بولدى پەرۋانە.
تۆكۈلگەن قانلارغا خىيانەت بىلەن،
شېھىتلار روھىنى قىلدى ۋەيرانە.

ئەي مەلئۇن، لەنەتلەر گۆرىگە پاتتىڭ،
مىللەتنىڭ غايىسىنى قەبرىگە ئاتتىڭ.
رەقىبكە تەسلىم بولۇپ، ئەركىنى بېرىپ،
ئەمەلگە ھۆرلۈكنى، ۋەتەننى ساتتىڭ.

## ۋەتەننى ساتما

ئەي دوستۇم، بولساڭ ئەر ۋەتەننى ساتما!
سۈت بەرگەن ئانا دەر، ۋەتەننى ساتما!

تۇپراقتىن يارالغان هاۋا ۋە ئادەم،
ئەزىزدۇر يەر-تۇپراق، ۋەتەننى ساتما.

تۆكۈلگەن كىندىك-قان ئانا تۇپراققا،
تېنىڭ هەم كۆمۈلەر ۋەتەننى ساتما.

ئالغانسەن نەپەسنى تىنىپ هاۋادىن،
ساڭا جان بەرگەن يەر- ۋەتەننى ساتما!

ئىلاهىم رىسقىنى چاچقان تۇپراققا،
هەممىدىن بەرىكەتلىك، ۋەتەننى ساتما!

مىراس ئۇ ئەجدادتىن بىزلەرگە قالغان،
ئەۋلادىڭنى ئويلا هەم، ۋەتەننى ساتما!

ۋەتەننى سۆيۈشتۇر ئىمان جۈملىسى،

ئىمانىڭ بولسا گەر ۋەتەننى ساتما!

ئەخلاقتۇر ئىنسانىنىڭ گۈزەل خىسلىتى،
ئەخلاقلىق ئەل سۆيەر-ۋەتەننى ساتما!

ۋەتەنسىز خارۇ-زار تا ئەلمىساقتىن،
ھاياتىڭنى گۈللىتەر-ۋەتەننى ساتما!

ۋەتەنگە جان بەرگەن مىليون شېھىتلەر،
غازى بوپ سانالساڭ - ۋەتەننى ساتما!

ھۆرلۈكتۇر ئىنسانغا شانۇ-شەرەپلەر،
ۋەتەنگە قۇربان بەركى، ۋەتەننى ساتما.

## مىللىتىڭنى ئاتمىغىن

*(ئەسلىنى ئۇنۇتقان بەزى ساقچىلىرىمىزغا)*

مىللىتىڭنى ئاتمىغىن، دەردىگە دەرد قاتمىغىن،
ساقچى بولساڭ خىتايغا، ئۇيغۇرۇڭغا ياتمىدىڭ.

تارتىۋاتسا مىللىتىڭ دەرد-زۇلۇمنى ھەسسىلەپ،
ئىبسۇۋىلىپ قارا كۆسەي، ئىشتىنىڭغا پاتمىدىڭ.

قويۇۋالسا چاچ-ساقال، ئارتىۋالسا ئاق رومال،
ساڭا نەرى تاقاشتى، بۇنىڭغا بەك خاپىتىڭ.

كىيىۋالسا چىمەن دوپپا، ئۇزۇن كۆينەك ۋە كوپتا،
ئۆرپ-ئادەت ئەمەسمۇ! سەن بۇنىڭغا باتىندىڭ.

كوچا-دوقمۇشلار قاتراپ، ئۇرۇپ-سوقۇپ ساۋىدىڭ،
ئىت قالدىغۇ بىر ياقتا، بىر سۆڭەككە قاۋىدىڭ.

ماراقچىتىڭ ئۆيلەرگە، ھەتتا مەسچىت تۆرلەرگە،
يىبزىپ قارا تىزىملىك، غوجىكاڭغا بەك داتلىدىڭ.

ئۇنتۇپ سەن ئۆزۈڭنى، كىملىكىڭنى-نەسلىڭنى،
بولماقچىمۇ ماڭقۇرت، مىللىتىڭنى ياتلىدىڭ.

سەندە ھېچبىر قالمىدى غۇرۇر-ۋىجدان، ئىنسانلىق،
بولۇپ قالدىڭ بىر قاۋان، ئەسكىلىكتە ھارمىدىڭ.

ئەمدى بىلدۇق ئەپتىڭنى، ئىچىڭنى ۋە تېشىڭنى،
ئەمەسكەنسەن بىزلەردىن، قۇزغۇنلارغا يارمىدىڭ؟

## دېمە

باھارنى ھەرگىزمۇ كەلمەيدۇ دېمە!
زۇلمەتنى ئەبەدىي، كەتمەيدۇ دېمە!

ياشنايدۇ باھاردا جىمى مەۋجۇدات،
قۇياشنىڭ نۇرنى يەتمەيدۇ دېمە!

نەۋباھار كۆچ-قۇۋۋەت بېرىدۇ بىزگە،
ئۇيغۇرنى بەختىيار ئەتمەيدۇ دېمە!

ئۈمىد ۋە ئارزۇدا گۈللەيدۇ ئىنسان،
خەلقىمنى ھېچقاچان كۈلمەيدۇ دېمە!

تۇپراقنى ئىگىلەپ، كەلكۈندەك بېسىپ
جازالاپ، ئۆلتۈرسەم تۈگەيدۇ دېمە!

ئەمەسمىز تېررورچى ھەمدە بۆلگۈنچى،
تۆھمەت قىپ دۇنيانى بىلمەيدۇ دېمە!

چەكتۈرسەم تارقىتىپ، زەھەرنى-ئاقنى
ئۇيغۇرنىڭ نەسلىنى بۇلغايدۇ دېمە!

يوقاتسام تىلىنى، دىنىنى تولۇق،
ئىندىيانلار كەبى يوقايدۇ دېمە!

ئۆزىنىڭ يېغىدا گۆشىنى قورۇپ،
يوقاتسام ياقامنى تۇتمايدۇ دېمە!

پۇل بىلەن ئالدىسام بۇ نادانلارنى،
ئىمانى دات بېسىپ، سېتىلار دېمە!

ئاتىمىز ئاتقانىكەن ئوقنى بەك چالا،
بۇ مىللەت يەنە ئوق ئاتمايدۇ دېمە!

بارچە ئەل ئىستەيدۇ ئۆز ھۆرلۈكىنى
ئۇيغۇرنى مەشئەللەر ياقمايدۇ دېمە!

قۇتۇلۇش زۇلمەتتىن قەسەمنامىمىز،
ھۆرلۈكچۈن قوزۇقلار قاقمايدۇ دېمە!

## مەسلە تاپشۇرما!

ئەي ئۇيغۇرۇم تاپشۇرما! مەسلە يوق ھېچ سەندە،
كەلمىدىڭسەن يات ئەلدىن، قورقمىغىن ئۆز ۋەتەندە.

ئىزدىمەكتە ياۋ بىزدىن، تۈرلۈك - تۈمەن گۇناھلار،
بىغۇبارسەن پاك بوۋاقتەك، ئىپار پۇرار شۇ تەندە.

كوممۇنىستلار ئەسلىدىن سۇيىقەستچى مەككاردۇر،
كۆرەر ئەلنى گۇناھكار، قۇسۇر تاپار ھەر دەمدە.

ھەددىدىن ئاشتى بۇ ياۋلار، قۇردى كۆپلەپ تۇزاقلار،
مىللەتچى دەپ، دىنچى دەپ، قارا چاپلار بىر دەمدە.

بىر كۈن دەيدۇ ئۇيغۇرنى، تېررورچىدۇر بەك يامان،
تۇتماق ئۈچۈن ئۇيغۇرنى، پوتەي سالدى قەدەمدە.

ئۆتۈپ يەنە بىر كۈنى دەيدۇ ئۇيغۇر بەك قارام،
نومۇر قويدى پىچاققا، ياشار تىترەپ بەك غەمدە.

ساقچىسىنى كۆپەيتتى سان-ساناقسىز قۇرۇتتەك،
تىنتىپ-ماراپ خەلقنى، تەشۋىش سالدى ھەر يەردە.

چاقار ئىمىش ھەرىمۇ كۆز كەلگەندە بەك قاتتىق،
مەھشەر كۈنى ئاز قالدى، بىزگە ئاللاھ ھەمدەمدە.

ئەي ئۇيغۇرۇم ساقتۇرسەن، ئاق خەسىدەك ئاقتۇرسەن،
تاپشۇرمىغىن مەسىلە، گۇناھسىز سەن پاك بەندە!

# مەسلىھەتىم شۇ

ئەي ئوغلۇم ئويلىغىن خەلقىڭنى مەسلىھەتىم شۇ،
ۋەتەن سۆيۈش مۇقەددەستۇر مەسلىھەتىم شۇ،
يىراق تۇرغىن ساتقۇنلىقتىن مەسلىھەتىم شۇ،
قىلما دوستلۇق ناكەسلەرگە مەسلىھەتىم شۇ،
رازى قىلغىن ئاتا-ئاناڭنى مەسلىھەتىم شۇ.

ئەل بولمىسا تىنچ-ئامان پاراغەت بولماس،
گەر بولمىسا ۋەتەن ئازاد، ساخاۋەت بولماس،
سالسا زۇلۇم يات قەۋملەر، شاپائەت بولماس،
قوغدىساڭ سەن ئۆز ئەركىڭنى، قاباھەت بولماس،
ئازاد قىلغىن ئۆز ئېلىڭنى مەسلىھەتىم شۇ.

تىرىش- تىرماش ئىلىم-پەننى ھارماي ئىگىلە،
غۇرۇر- ۋىجدان، ئەخلاقىڭنى دىلغا تۈگەللە،
شۇملۇق خۇيلۇق ھۇرۇنلۇقنى ھەرئان كىشەنلە،
قىلىپ ئىجاد ئۆرلىگىن يۇقىرى پەللە،
تۆھپە يارات خەلقىڭگە مەسلىھەتىم شۇ.

ئىناق-ئىجىل ياشىماق بىر ئەھدەڭ بولسۇن،
ناھەقلىققە تىغدەك سانجىل قەھرىڭ بولسۇن،
چىدامىلىق بول مۇشەققەتكە سەبرىڭ بولسۇن،
ئاۋام-خەلق، يۇرت ئىچىدە ھەم قەدرىڭ بولسۇن،
غۇرۇر-ئەخلاق ئەر زىننىتى مەسلىھەتىم شۇ.

گەر قازانساڭ شانۇ-شەرەپ مەغرۇرلانما،
ياخشىلىققا تۇرغىن تەييار ھەييار بولما،
سۆزلە ھەقنى ۋاقتى كەلسە شاھتىن يانما،
مىللىتىڭ ۋە ھەق دىنىڭدىن ھەرگىز تانما،
قىممەتلىكتۇر ياخشى خىسلەت مەسلىھەتىم شۇ.

# سېغىندىمەن

سېغىندىمەن قالغان ئۇزاق باسقان ئىزىمنى،
يوقىتىمەن قىلسام خىيال تۇيغۇ-سېزىمنى.

سېغىندىمەن كىندىكىم كېسىلگەن كاڭنى،
كۈتۈۋېرىپ ئۇزاپ كەتكەن كەلگۈسى تاڭنى.

سېغىندىمەن بۆلەنگەن ئەللەي بۆشۈكنى،
ئويغانغاندا يورۇق چۈشكەن روجەك تۆشۈكنى.

سېغىندىمەن ئانام بەرگەن ئاق سۈت تەمنى،
پىژغىرىمدا ئىچكەن سۈيىدىن كارىز-گەمنى.

سېغىندىمەن ئاياق چىقىپ دەسسىگەن يەرنى،
ئۆتۈپ تەپتى تۇپرىقىمنىڭ چىققان سۇ-تەرنى.

سېغىندىمەن تىلىم چىقىپ ئانام دېگەننى،
بۇلماق بەرسە ئانام ماڭا كۈلۈپ يېگەننى.

سېغىندىمەن تۇنجى قېتىم بوغچا ئاسقاننى،
ئوقۇيمەن دەپ مەكتەپكە قەدەم باسقاننى.

سېغىندىمەن ئوقۇتقۇچۇم بىلىم بەرگەننى،
باغچىسىغا ئىلىم-پەننىڭ گۈللەر تەرگەننى.

سېغىندىمەن يېتىلگەن كوجۇم مەھەللەمنى،
كوچا-دوقمۇش، چىغىر يولدا ماڭغان قەدەمنى.

سېغىندىمەن توپا-دۆڭلۈك، قۇملۇق-شېغىلنى،
بوۋام باققان قۇربانلىق قوي شاخسا - ئېغىلنى

سېغىندىمەن لاي سۇلارنى ئوچۇملاپ ئىچكەن،
ئېرىق ھەمدە كۆلچەكلەرنى يالاڭئاياق كەچكەن.

سېغىندىمەن تۇنجى قېتىم گۈلۈمنى سۆيگەن،
مەھەللىلىكىم ئۆرۈم چاچلىق يارىمنى كۆيگەن.

سېغىندىمەن خەلقىمنى ئاقكۆڭۈل – ساددا،
قوشنا-قولۇم، تەڭتۇشۇم، چاللارنى ھەتتا.

سېغىندىمەن ھەممىنى، تاغدىن-باغقىچە،
يەتسەم دەيمەن ۋەسلىگە ھايات چاغقىچە...

# ئىلاھىم بىر سوئال سورىساڭ

ئىلاھىم بىر سوئال سورىساڭ مەندىن،
تىلەيتتىم پەقەتلا بىر ئىشنى سەندىن.

ياراتقان بولساڭ بىر روھىمنى قايتا،
تۇغۇلغان بولسامەن يېڭىدىن ھەتتا.

ئاسقاندا ئانام بوينۇمغا ھېكمەتلىك تۇمار،
بولاتتى تال چېۋىقىم مىنگەن ئۇچقۇر تۇلپار.

دۇئاسى بىرلە ئاتامنىڭ بولسامەن مەھدى،
قىلاتتىم خەلقىمگە شۇنداق بىر ئەھدى:

ئەسكەر قىلىپ باتۇرلارنى جەڭگە چىقاتتىم،
تۇتۇپ كېلىپ زالىملارنى گۆرگە تىقاتتىم.

مىنىۋېلىپ ئەجدىھانىڭ مەھكەم بويىنىغا،
باغلايتتىم ئۇنى چەمبەرچاس زەنجىر شوينىغا.

ئىنتىۋىتىتىم ئاغزىنى پولات چۇلۇق ئۆتكۈزۈپ،
چاچالمايتتى ئوتلىرىنى ھەر ياققا يەتكۈزۈپ،

بەند قىلاتتىم ئۇنى قوغلاپ سىپىل نېرىسىگە،
گۇناھىنى سامانەك كۆپ تىقىپ تېرىسىگە.

بۇلاتتى خەلقىمىز شۇ چاغدا مەڭگۈ ئامان،
يېتەتتۇق ئارزۇيىمىزغا كېلىپ ئازاد زامان.

# ئاھ! دەريا بويى يېزىسى!

ئاھ! دەريا بويى يېزىسى
تەكلىماكاننىڭ يارىلانغان يۈرىكى
قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا جۇلالانغان
توغرا ئىدى ئۆيلەرنىڭ تۈۋرۈكى
بۇ يەردىكى ئۆيلەر ۋە مەھەللىلەرنى
بەرپا قىلغان شۇ يەردىكى ئىنسانلار
ھەمدە سالغان قۇملۇققا كەپىلەرنى
ئۇلار ياشىغاندا ئەزەلدىنلا بۇ يەردە
كەلمىگەن باشقا يەردىن بۇ يەرگە
سۆزلەيتتى ئۇلار ساپ ئۇيغۇر تىلىدا
بار ئىدى ئېتىقادى چىڭ دىلىدا
كىيەتتى دوپپا كۆينەك ئەتلەستە
توقۇغان ئۆزلىرى ماتالار كەلمەستە
كۆمەچ قىلىپ پىشۇراتتى قاتلىمىنى
چۈشۈرىۋېتىپ كۆلنى يەيتتى تاتلىقىنى
ئېتىزلىرىدا بۇغداي-ئارپا پىشاتتى
گۈلە-قېقى ئۆزلىرىدىن كۆپ ئاشاتتى
چىقاتتى ئۇلار سەپەرگە ئات-ئۇلاغلىق

تۇتاش كەتكەن يوللىرى ئىدى بۇلاقلىق
دەريا سۈيى قىش-يېزى راۋان ئاقاتتى
ساھىلىدا چوپانلار ھەم قويلار باقاتتى
خەلق شۇنداق جاراڭلىق ناخشا ئېيتاتتى:
دەريا بويى مېنىڭ گۈزەل ماكانىم!
ئەتراپى قۇم-بارخانلارغا ئورالغان
كېلەلمەيدۇ بوران چاپقۇن بۇ يەرگە
توغراقلاردا مەھەللىمىز چىڭ تورالغان!
ئىناق-ئىتتىپاق تۇغقانلاردەك ياشايمىز
ئەل جامائەت ئادالەتلىك سورالغان!
دەريا بويى مېنىڭ گۈزەل ماكانىم!
سەن بولدۇڭ بىزگە ئوبدان ماكان
قىزنتسمۇ قۇملۇقلىرىڭ تاپانلارنى
كۆيدۈرسىمۇ ئاپتاپلىرىڭ چاپانلارنى
ياشىساقمۇ دۇنيادا ئاشۇنداق پىنھان
ئايرىلمايمىز سېنىڭدىن بىز ھېچقاچان
دەريا بويى مېنىڭ گۈزەل ماكانىم!
سېنى بىزگە خۇدا ئۆزى تۇتقان!
كۈندۈزى قىرلىرىڭدا توشقان تۇتساق
ئاخشىمى قۇملىرىڭ بولغان يوتقان
قالمىدۇق بىز ھېچقاچان ئاچ ۋە يالىڭاچ
يىرتقۇچ بىلەن ئېلىشىپ بىزلەر ئۆتقان
ئەي گۈزەل دەريا بويى ئانا ماكان!
كۈلۈپ باقتىڭ بىزگە سەن ھەر زامان
ياشاپ ئۆلسەكمۇ بۇ يەردە مەڭگۈ
قالمايتتى قىلىچلىك دىللاردا ئارمان!
بۇ ناخشا چىققان ئىدى داستان بولۇپ

تارقالغان ئىدى تىللاردا ئارمان بولۇپ،
باقارمىدى ياۋلار ئەلنىڭ دەردىگە
يېتەرمىدى تەبىئەتنىڭ قەدرىگە
ئويلاپ چىقتى بىر خىيالنى قەسىردە
دەريا بويى قالدى جىنىنىڭ قەستىدە
تاپتى باناھ مۇنداق ھېچ ئويالماي:
دەريا بويى بەك ئارقىدا قىلىپتۇ
لاي كېسەكتىن ئۆيلەر سېلىپتۇ
يەر تەۋرەشكە ئاجىزمىش بۇ ئۆيلەر
توقۇپ چىقتى شۇنداق يالغان سۆزلەر
سىلەرگە بىز ھۆكۈمەت بەك غەمگۈزار
ئەرز-ھالىڭلار يۇقىرىغا بېرىپ تۇرار
سىلەرگە قەۋەت ئۆيلەر سالىمىز
ئۇ يەرلەرنى بىز ئۆزىمىز ئالىمىز
چىقىرىپ ئۇلار شۇنداق ھۆججەتنى
دەريا بويى يېزىسىدىن كۆچۈردى
ئەلمىساقتىن بۇ يەرلەردە ياشىغان
ئەجدادلارنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈردى
ئاھ! دەريا بويى سېنىڭ ئۈچۈن!
ئاقتى يېشىم مېنىڭكى دەريا كەبى
بۇزۇۋەتتى نامەرتلەر قىياپىتىڭنى
بۇ يەر ئەسلى ئىدى بەك تەبىئىي
ياشىغان ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلىرىم
ساددا ئىدى ھەممە بەك سەبىي
تۇتار بىر كۈن ئاھلىرىم بۇزغۇنچىنى
يۇتار قۇملار ئۇلارنى تا ئەبەدىي!

# تارىخ

*(تارىخ تەكرارلىنىدۇ)*

ئاتام تۇغۇلغاندا،
تەگكەن ئىكەن بېشىغا توقماق.
تەقدىرىكەن ئۇنىڭ مەھكۇم بولماق.
مەن تۇغۇلغاندىمۇ،
بېشىمغا تەگدى يەنە كالتەك،
ئىكەنمەن باشقىلار ئالدىدا بىر سولتەك.

يوق ئىكەنمىش،
ئانامنىڭ بېشىدا شايى رومالى،
قۇتۇلۇشقا زۇلمەتتىن بىرەر ئامالى.
يوق ئىكەن شۇڭا،
ئاچامنىڭ بېشىدا ھەم ياغلىق،
ھالى خاراپتۇر دىدەكتەك چاغلىق.

يوق ئىكەنمىش،
ئوقياسى ئاتامنىڭ جەڭلەردە ئاتقان،

پېشانىسىدە تەرلىگەن ئىزلىرى قاتقان.
يوق ئىكەن شۇڭا،
ئىنىمنىڭ قولىدا بىر كۆسەي مىلتىقى،
چاشقاقچى ئۈچۈن قىلىنغان ياۋايلىق قىلمىقى.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە،
شاھ-بوۋامغا ھۇما قۇشى قونۇپتىكەن،
شەۋكىتىنى پۈتۈن دۇنيا تونۇپتىكەن.
بەلكى يەنە،
ھۇما قۇشى تىرىلىپ كېلەر يەنە ئۇچقانچە،
قونار ھەمدە بېشىمغا تاجىمنى قۇچقانچە.

# كۆك بايراق

كۆك بايراقتۇر مۇستەقىللىق تەرىپى،
كۆك بايراقتۇر ۋەتىنىمىنىڭ شەرىپى.
لەپىلدىسە كۆك بايرىقىم سامادا،
تولار شادقا ۋەتىنىمىنىڭ ھەر يېرى.

كۆك بايرىقىم كۆك ئاسماندەك ئۇلۇغتۇر،
ئۇ بولغاچقا شادلىقىمۇ تولۇقتۇر.
سۆيسە ھەر كىم ئۇنى دىلىدىن قەدىرلەپ،
سۆزى ئۆتكۈر يۈزى ھەمدە يورۇقتۇر.

كۆك بايراقچۈن جەڭدە تەنلەر قانىغان،
قۇچۇپ غەلبە ئېگىز تاغقا قادىغان.
جۇمھۇرىيەتكە نىشان قىلىپ مەجلىستە،
ئەركىنلىككە سىمۋول قىلىپ ئاتىغان.

كۆك بايراقنى قىلىمەن بەك دەبدەبى،
كۈرەش بىلەن مەۋجۇتتۇر ئۇ ئەبەدىي.
كۆتۈرىمەن ئۇنى ئېگىز ھەر يەردە،
ئۇ بولغاچقا خاقانىمەن سەئىدى.

كۆك بايرىقىم كۆك ئاسماندەك ئوچچۇقتۇر،
كۆك بايراقسىز ئەركىنلىكىم يوچچۇقتۇر.
كۆك بايراقنى قوغدالمىسام دۈشمەندىن،
تۆگەر ئەركىم، ھاياتلىقىم پۇچچۇقتۇر.

كۆك بايراقنى قوغدايمەن جان- جېنىمدىن،
ئايرىمايمەن ئۇنى دائىم يېنىمدىن.
گەر ئۆچرىسا ئۇ ياۋلارنىڭ ھوجۇمىغا،
سالىمەن تام قورغان قىلىپ تېنىمدىن.

# تىلىكىم

يارىتىپسەن رەب ھېممىتىڭ بىلەن،
ئىنسان دېگەن شۇ قىممىتىم بىلەن.
كۆردۈم ئەمما مەن ئىنسانىدىن خورلۇق،
يولۇمغا قويىدى ئۇ تۇزاق ۋە تىكەن.

بىلدىم سېنى بىر ئۇلۇغ تەڭرى،
بەردىڭ ئىنسانغا زېمىننى كەڭرى.
تويمىدى خىتايلار ئۆز تۇپرىقىغا،
قوغلاندى بولدۇم ئېلىمدىن نېرى.

تۇغۇلدى ئىنسان ئانىدىن يالىڭاچ،
بېرىلدى رىزقى قالمىسۇن دەپ ئاچ.
تارتىپ ئالدىغۇ باشقىلار رىزقىمنى،
نە ئۈچۈن مېنىڭ تەلىيىم بەك كاج؟

قىلدىم ئەي تەڭرىم ساڭىلا تاۋاپ،
تاپتىم يەنە مەن كۆپلىگەن ساۋاب.
بولدۇم ئاقكۆڭۈل ھەمدە زەرەرسىز،
نە ئۈچۈن ئەمما ھالىمدۇر خاراب؟

تىلىكىم شۇدۇر ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم،
ئانا تۇپراقنى بىر زىيارەت ئەتمەك.
بولۇپ ئەلچىسى ھۆر-ئازادلىقنىڭ،
قۇچۇپ زەپەرلەر ۋەسلىگە يەتمەك.

## مىللىتىدىن ئۆلمەيدۇ! جاۋابىم باردۇر

ئۆلمىگەيسەن ئاكا-ئىنىم، ياپياش تۇرۇپلا،
ئۆلمىگەيسەن ئاچا-سىڭىل كۆز ياش سۇرتۇپلا.

كەلمەكتە شۇم خەۋەر ئاكاڭ ئۆلدى دەپ،
قالدۇققۇ بىز تۇغقانلار ۋەھىمە-غەم يەپ،

يوقاپ كەتتى نۇرغۇن ئۇيغۇر تۇرمە-زىندانىدا،
خەۋەر يوقتۇر ئاتا-ئانامدىن نەدىدۇر شۇندا؟

بالا يىغلار كۆرەلمەستىن ئاتا-ئانىنى،
ئاتا-ئانا ھەسرەتتەدۇر سېغىنىپ بالىنى.

لازىم ئىمىش ئىچكى ئورگان خىتاي داھىيغا،
سېلىپ ئۇيغۇر بۆرىكىنى يېتەرمىش ۋايىغا.

ئۇيغۇرۇمنىڭ ئىچكى ئەزاسى خىتايغا دورا،
قېزىپ قويدى ئۇيغۇرۇمنى كۆمۈشكە ئورا.

كېرەك ئەمەسمىش خىتايغا ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى،
دېيىشكەنمىش خىتايلار مۇنداقكەن سۆزى:

ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىمىز كۆپ ئۆتمەي تېزلا،
ئۆلتۈرىمىز سولاپ مەخپىي قالمايدۇ ئىزلار.

ئوقۇتمايمىز ئۆز تىلىدا يەسلىدىن باشلاپ،
لام دېيەلمەي تۇرۇشىدۇ گەدەننى قاشلاپ.

بۆلگۈنچى ۋە تېرورىست دەپ تازا قارىلايمىز،
ئەسەبىي دەپ موللىسىنى ئۇرۇپ يارلايمىز.

تەربىيەلەش دەپ ئەرلىرىنى ئېلىپ كېتىمىز،
قىزلىرىغا زورلۇق قىلىپ مەقسەتكە يېتىمىز.

كوچا ئاتلاپ ئۆتەلمەيدۇ پوتەيلەر سالدۇق،
كامېرادا تىنىتىش قىلىپ سۈرەتكە ئالدۇق.

ئەۋرىشكە ئېلىپ قانلىرىدىن ئامبار ياسايمىز،
ئۇزاق ئۆتمەي ۋىرۇس ئىشلەپ ۋابا يايىمىز.

كۆرەلمەيدۇ دۇنيا بۇ چاغ ئۇيغۇر نەسلىنى،
ئۇقار پەقەت كىتابلاردىن ئۇيغۇر ئەسلىنى.

قېنى كىمگۇ بۇنىڭغا دېيەلەر نېمە؟
ئەقلىڭ يەتسە جاۋاب بەر غېمىڭنى يېمە؟

نېمە دەيسەن ھەي خىتايلار جاۋابىم باردۇر:
يوقالمايدۇ ئۇيغۇرۇم ھېچ ئاللاھىم ياردۇر!

بىلمەمسەن ئۇيغۇرنى تىز پۈكمەس ئەسلى.
قوزغىلىدۇ تۇرماستىن ئىسيانكار نەسلى.

كۆتۈرىدۇ ھەر ئون يىلدا بۈيۈك قارشىلىق،
ھۆرلۈككە يەتمەك ئىستەر كۈرەش ئارقىلىق.

يوقاتمىدى ئۇيغۇلۇرۇم ھېچقاچان غۇرۇر،
ھەر كۈن، ھەر ئاي-يىللاردا قوزغىلىپ تۇرۇر.

ئەجدادىمىز تارىخىدىن شانلىق ئىز قالغان،
ئەۋلادلىرى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇدۇملار ئالغان.

سادىر بوۋام سېپىلىڭغا ئوق-دورا قويغان،
غېنى باتۇر قوزغىلىپ تېرەڭنى سويغان.

يەتتە قىزىم، مايسىخانلار قىلىچ ئوينايتتى،
نۇزۇگۇمنىڭ قورقماس روھى بىزنى ئويغاتتى.

ئابدۇخالىق دار ئالدىدا مەن ئۇيغۇر دېگەن،
لۇتپۇللا جادۇ ئالدىدا ئاھ! ئۇيغۇر دېگەن.

قۇردۇق بىرىنچى جۇمھۇرىيەتنى ئىسلام نۇرىدا
ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنى قۇردۇق غۇلجىدا

گەر بولسىمۇ جۇمھۇرىيەت سۈيىقەستلەرگە يەم،
قەلبىمىزگە چىلىك ئورناشقان ئىنتايىن مەھكەم.

شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار بەك ئۈمىدۋار يەنە،
ئۈچىنچىسىنى قۇرىمىز قىلىپ تەنتەنە.

شۇ چاغدا قالىسەن ئۇيغۇرغا ھەيران!
سۆرەلمەيدۇ زالىملار مەڭگۈلۈك دەۋران.

ئۇزاق قالماي يوقىلىدۇ تەختىڭ كۆل بولۇپ،
ئۇيغۇرلارمۇ دۆلەت قۇرار شادلىققا تولۇپ!

## ھەممە دەردلەندى

ۋەتىنىمدە چەكلەندى تىل، تىلىم بۇزۇلدى.
ۋەتىنىمدە يەكلەندى دىن، دىلىم ئۈزۈلدى.
تۈمەنلىگەن چەكلىمىلەر كۆپلەپ تۈزۈلدى،
قانلىرىمۇ ئۇيغۇرنىڭ تاسقاپ ـ سۈزۈلدى.
قىلمىغىنى ئاز قالدىغۇ، ھەممە دەردلەندى.

قىزلىرىمىز بولدى دېدەك،ئېلىپ سېتىلدى،
ئارتالمىدى ھىجاب ـ رومال، يۇلۇپ ئېتىلدى،
ئەرلىرىمىز ئۆيدە يوقتۇر، تۈرمىگە سېلىندى،
قويالمىدى ساقال ـ بۇرۇت، يۇلۇپ ئېلىندى،
بالا قالدى ئاتا ـ ئاناسىز، ھەممە دەردلەندى.

قۇردى توساق مەھەللە قالماي، كوچا ـ رەستىدە،
يىغىۋالدى يېپىق يەرگە گۇمان ـ قەستىدە،
بوۋام دەردلىك، مومام يىغلار، ئوغلى دەردىدە،
ئالالمىدۇق ئەركىن نەپەس بېسىم دەستىدە،
قورقۇنچتا يۈرەك تىترەر، ھەممە دەردلەندى.

تۈرمىلەرنى توشقازدى چوڭ ـ كىچىككەن دېمەستىن،

كىيدۇردى جىق قالپاقلارنى ئۆزى بىرنى كىيمەستىن،
خىيالىلىرىمۇ بولدى گۇناھ ئۆزى تېخى سەزمەستىن،
ئېلىپ كەتتى ئىچ-ئەزانى ئاۋۋال تىرىك يېمەستىن،
قالمىدى قان،چىقتى جانلار، ھەممە دەردلەندى.

يىغىۋالدى قۇرئان-كىتاب، ئەسەر-يازمىنى،
ئۇرۇپ-چېقىپ، ۋەيران قىلدى تارىخ-قازمىنى،
ساقلىيالمىدى ئۇيغۇر ئۆيدە ئايەت-ئاسمىنى،
ئوقالمىدى ناماز جەم بولۇپ، توستى ئاممىنى،
ئەل-جامائەت پارام-پارچە، ھەممە دەردلەندى.

توشۇپ كەتتى مەدەنلەرنى بىر تىيىنمۇ بەرمەستىن،
كېسىۋەتتى دەل-دەرەخنى، ئۆزى جىرىم تىكمەستىن،
يەپ تۈگەتتى ئاشلىق-مايىنى بىلىنى ھېچ ئەگمەستىن،
قۇرۇتۇۋەتتى دەريا-كۆلنى، ئۇز ئىگىسىگە تەگمەستىن،
تەبىئەتمۇ ياش ھەم، ھەممە دەردلەندى.

ئىدى يۇرتۇم ئەسلىدە ئىلىم-مەدەنىيەتلەر ماكانى،
قۇچقان ئىلىم پەلەك ئارا، بىلىپ يەتكەن سامانى،
بولغان ئۇيغۇر يېزىقى، چىڭگىزنىڭ خەت-ئارمانى،
يۇسۇپ-مەخمۇت دىۋانلاردا پۈتكەن دۇنيا ئەھكامى،
ئېيتالمىدۇق ئەمدى داستان، ھەممە دەردلەندى.

بىر كۈن دېدى: ئۇيغۇر ئەسلى جۇڭخۇا نەسەبى،
بىر كۈن دېدى: ئىمان ئېيتقان ئاشقۇن-ئەسەبىي،
بىر كۈن دېدى: مىللەت دېيىش بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبى،

بىر كۈن دېدى: بىز يوقىتىمىز ئۇيغۇرنى ئەمدى،
ئېيتالمىدۇق دەردىمىزنى، ھەممە دەردلەندى.

## ئۇيالمامسەن!

ئۇيالمامسەن بولغىنىڭدىن خىتايغا قورچاق،
قىزارمامسەن كاپىرلارغا ئاچقاندىن قۇچاق؟
ئويلىمامسەن ئۆزۈڭنىڭ غەمسىزلىكىڭدىن،
مىللىتىڭگە ئىش قىلماس پەمسىزلىكىڭدىن.
ئۇيالمامسەن ئورۇندۇقتا بىكار ئولتۇرۇپ،
مىللىتىڭچۈن بىر تال سۆز قىلماي تۇرۇپ.
ئۇيالمامسەن ياۋلارغا ھەدەپ باش ئېگىپ،
ھاقارەت توقمىقى جىق كەتسىمۇ تېگىپ.
ئۇيالمامسەن شاتۇتىدەك دوراپ سۆزلەشكە،
سېتىپ ئەلنى ھەمىشە ئەمەل كۆزلەشكە.
ئۇيالمامسەن ھەممىگە دېيىشكەن ماقۇل،
ياكى سەن بولدۇڭمۇ ياۋغا دېدەك ـ قۇل؟
ئۇيالمامسەن ھەقسىزلىقنى قوبۇل قىلىپ،
خارلانغان خەلقىڭنىڭ يۈرىكىنى تىلىپ.
ئۇيالمامسەن خەلقىڭنىڭ قېنى سۈزۈلسە،
تۇتۇپ-سولاش قىيناشلاردىن بېلى ئۈزۈلسە.
ئۇيالمامسەن مەزلۇمنىڭ كۆز يېشى قۇرىسا،
زۇلۇم ـ زورلاش، ۋەھىملەر قورقۇتۇپ تۇرسا؟

# بەش مىڭ كىشىلىك نامايىشقا چاقىرىق

قېرىنداشلار كېلىڭلار نامايىشقا كۆلسۈن دېسەڭ يۈزىمىز،
بېرۈسسېلدا جەم بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى سەپ تۈزىمىز.

بەش مىڭ ئۇيغۇر يىغىلىپ مەيداندا بىز بىر ئارىغا،
كۆرستەيلى بىرلىكتە كۈچ، دەرمان بولسۇن يارىغا.

توۋلايلى بىز بىرلىكتە شوئار-سادالار ياڭرىسۇن،
تاشقى دۇنيا بىزنىڭ دەردىمىزنى بىر ئاڭلىسۇن.

كۆتۈرەيلى ھەر خىل لوزۇنكا ھەمدە تاختاي،
يوقال ۋەتەندىن دەپ يېزىلغان ھەي خىتاي!

كۆرسۇن پۈتۈن دۇنيا خىتاي سالغان دەھشەتنى،
توۋلاپ بىز چىقىرايلى ئىچىمىزدىكى ھەسرەتنى.

ۋەتىنىمىز ئايلاندى بىر تۈرمىگە ئۈستى ئوچۇق،
ھايات بولدى بىر دوزاخ، قالمىدى قىلچە يوچۇق.

ئۆيدە ئەرلەر قالمىدى، بالا يىغلار ئاش-نان دەپ،

زۇلۇم ئاشتى ئانىلارغا، مومام قالدى بەك غەم يەپ.

خىتاي بۇزدى نىيەتنى ئۇيغۇرنى تولۇق يوقاتماققا،
ياتساق يەنە بىز جىمجىت، كاللا قالماس تۇماققا.

كۆتەر بىزدىن چوڭ ئۈمىد ۋەتەندىكى مەزلۇملار!
ھەممە بىردەك ئاتلانساق، يوقىلار ئاخىر زۇلۇملار.

# - لىرىكلار -

## تۆن ۋە قۇياش

زەر چاچقان تولۇن ئاي شۇڭغۇسا تۆنگە،
قارىيار كائىنات بىر پەس سۆكۈتتە.
ئارقىدا تۇرماقتا قۇياشىمۇ ماراپ،
چىقار ئۇ تۆن يىرىپ، كۆپ ئۆتمەي يەنە.

تۆن شۇنچە قارايسا يۇلتۇز چاقنايدۇ،
ئەكسى ئۇ قۇياشنىڭ زېمىنغا قايتقان.
جەزمەنكى ئاشۇ تۆن مۇتلەق ئەمەستۇر،
ھامىلىدار ئۇ چوقۇم يورۇققا باققان!

گەر قۇياش تارقاتسا ھارارەتلىك نۇر،
ئۆتەر ئۇ زۇلمەتنى بۆسۈپ شاپپىدە.
شۇ ئاندا تارايدۇ ئۇپۇقتىن يورۇق،
سۆزۈلەر كۆك ئاسمان يورۇپ پاللىدە!

ۋەتىنىم ئايلاندىڭ ھازىر بىر تۆنگە،
يورۇقتىن قالمىدى سەندە ھېچ ئەسەر.
تۇرماقتا زالىملار قامچا ئوينىتىپ،

ئازادلىق دېگەنلەر، سولاقتا كىرەر!

كۆرەڭلەپ كەتمىگىن قاراڭغۇ جۇت-تۈن،
بولىسەن سەن تەسلىم ئاخىر قۇياشقا.ھ
چاچسا گەر شۇ قۇياش نۇرىنى تەكشى،
قاچىسەن تون سېلىپ يىراق-يىراققا!

## ئاقار يۇلتۇزغا

چىققان ئىدىڭ كېچىدە پارلاپ،
تۆمەن يۇلتۇز سەركىسى ئىدىڭ.
تالىشىپ سەن قۇرداشلىرىڭدىن،
نۇر – زىيالار ئەركىسى ئىدىڭ.

قىلىپ خىرىس تۆنگە روبىرو،
زەرلىرىڭنى سانجىغان ئاڭا.
زۇلمەتلەرنىڭ كۆشەندىسى بوپ،
چاقنىغانتىڭ پارقىراپ راسا.

يېتىرقىغان تۆنمۇ سەندىن بەك،
نۇرلىرىڭدىن سۇسلاشقان تىنىپ.
ئۆتسەڭ قات-قات، ئىچىگە ئۇنىڭ،
سۆزۈكلەشكەن ئەپتىدىن يېنىپ.

ئىزناسىتىڭ يورۇقىنىڭ سەن بىر،
نۇرلىرىڭدىن ئۆمىد قۇچاتتىم.
ئەمما بولدۇم ھەيرانە بىر چاغ،

تاغدىن ئاۋۋال سېنى يوقاتتىم.

نەگـە كەتتىڭ ھەي ئاقار يۇلتۇز،
ئېقىپ چۈشۈپ سىڭگەنچە يەرگە.
قاچتىڭمۇ يا، تۈندىن بېزىرىپ،
پىنھانە بىر باشقا ئالەمگە.

## ئىسيانكار تىلەك

*(خىيالچان تىلەككە ئارىيە)*

كۆتەر مىللەت بىزدىن ئالى تىلەكلەرنى،
چىلىڭ تۆرەيلى كۆرەشكە قەتئىي بىلەكلەرنى.

ئازاتلىقلا يوق قىلار زۇلۇم-دەردلەرنى،
غەلىبە باقار چىن سۆيسەك باتۇر-مەردلەرنى.

ئارزۇيىمىز قالماقتا خىيالدەك تۇتۇق،
قورقاقلىقتا سالايلى مىيىت قىلىپ يوپۇق.

شىجائەتتىن ئالايلى نەپەسنى قويۇق،
مەدەت قىلار بىزلەرگە سۇلتانى-سۇتۇق.

ھۇشقۇتماقتا جۇت-قىراۋلار ئەزىز تۇپراقتا،
ئەكس ئەتتى ئاھۇ-زارلار ھەتتا ياپراقتا.

گەر قىلمىساق شۇ ۋەتەننى ئازاد پاتراقتا،
قالار روھى مەزلۇملارنىڭ دەشتى-خارابتا.

ئاتا-بالا، قىز-خانىملار تەلمۈرەر تاڭغا،
مەرد يىگىتلەر چىقالماسمۇ قارىماي جانغا.

قالماس ھەرگىز ئۇلۇغ مەقسەت باغلىنىپ سانغا،
ئات سالساقلا سىغىز-تاشمۇ ئايلىنار چاڭغا.

ھەممە خەلق كارۋانلاردەك توپلانسا بىرگە،
قىلمىسىلا گەر خىيانەت تۇغۇلغان يەرگە.

شەپقەت كېلەر ئىلاھىمدىن ناتىۋان ئەلگە،
ئاشار شۇندا ئارزۇ-ئارمان، چىرايدا كۈلكە.

# جانانغا

ئـاي يۈزلۈك گۈزەل جانان،
مەن سـاڭا مەجنۇن بولدۇم.
قاچان يېتەرمەن ۋەسـلىڭگە،
سـېغىنىش پىراقىغا تولدۇم.

ئـاي يۈزلۈك گۈزەل جانان!
سەنسـىز هايات ماڭا بىر تۈن
كۆرۈنمەيدۇ هېچ كۆزۈمگە،
سـېنى كۆرمىگەن بىر كۈن

ئـاي يۈزلۈك گۈزەل جانان!
ئايرىلدىم سـەندىن باشقا تامام
ئىشـقى ئوتۇڭ قىينايدۇ جاننى،
بولدى يۈزۈم سـارغىيىپ سامان

ئـاي يۈزلۈك گۈزەل جانان!
زۇلـۇم زەنجىر ئايرىدى بىزنى
بـۇ جۇدالىق پەقەت ۋاقىتلىق،

## ھەمراھ قىلغىن سۆيگۈمىزنى

ئـاي يۈزلۈك گۈزەل جانان!
سېغىنسـاڭ مېنى كۆككە باق!
كەلسـە ئەگەر تونۇش ھىد،
ئېلىـپ ئۇندىن پۇرا ئۇزا!

ئـاي يۈزلۈك گۈزەل جانان!
ئۈمىـد بولار بىزگە يولداش
جـەم بولۇپ ھامان بىر كۈن
ياشايمىز يەنە دىلداش!

# دەردىم بار

دەردى يوقمىكىن دېمەڭ!
نۇرغۇنلىغان دەردىم بار مېنىڭ،
يەتمەيدۇ ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ.
ئوخشىمايدۇ باشقىلارنىڭكىگە،
دەردىم پەقەت بىرلا ئۆزۈمنىڭ.
تامغىسىدەك خۇددى سۆزۈمنىڭ،
يوقاپ كەتكەن چۈشۈمدەك.
قاچان تاپتىمكى ئۇنى بىلمەيمەن،
شۇندىن بېرى ھېچبىر كۈلمەيمەن.
ئۆزۈمنى ھەم يوقاتتىم،
ماڭسام بېشىم يەرگە ئىگىكلىك،
خىياللىرىم ئاھلىرىمغا چىگىكلىك.
تەلىيىم شۇنداق كاجمىكى؟
قاچماقتا ھەممە نېمە كۆزۈمدىن،
ئوخچىماقتا ھەسرەتلىرىم يۈزۈمدىن.
دەردكە داۋا تېپىلارمىش؟
ئەمما مەن ھازىرغىچە تاپالمىدىم،
ئىشىكىنى ھەم ئۇنىڭ ياپالمىدىم،

ئىلاجىسىز قالغاچ،
يۇتتۇم ئاخىر دەردىمنى ئىچىمگە،
كۆرسەتەلمەي لوقمان ھېكىمگە.

# خىيالچان

بولـۇپ قالدىم مەن بىر خىيالچان،
خىيالىمـدا ئىزدەيمەن بىر كۈي.
ئانام ئېيتقان بۆشـۈك تەۋرىتىپ،
ئەللەي بالام، ئەللەي مېنى سۆي.

بولـۇپ قالدىممەن بىر خىيالچان،
خىيالىمدا ئىزدەيمەن بىر سـۆز.
تىـل چىققاندا ئاتام ئۆگەتكەن،
قوغـدا ئەلنى قارچۇغىدەك كۆز.

بولـۇپ قالدىم مەن بىر خىيالچان،
خىيالىمـدا ئىزدەيمەن بىر ئىز.
پـادا قوغلاپ ماڭغاندا قالغان،
توپىسـىغا پېتىپ كەتكەن تىز.

بولـۇپ قالدىم مەن بىر خىيالچان،
خىيالىمـدا ئىزدەيمەن بىر غار.
ئاشـىق بولۇپ ياتقان چېغىمدا،

سۇ ئەكەلگەن كۆڭلۈمدىكى يار.

بولۇپ قالدىم مەن بىر خىيالچان،
خىيالىمدا ئىزدەيمەن بىر جاي.
بارات ئېيتىپ چىققان كېچىدە،
بولغان ھەمراھ ماڭا تولۇن ئاي.

بولۇپ قالدىم مەن بىر خىيالچان،
خىيالىمدا ئىزدەيمەن بىر يول.
ئۇچراپ ماڭا ئاقساقال بوۋاي،
دۇئا قىلىپ دېگەن ئامان بول.

بولۇپ قالدىم مەن بىر خىيالچان،
خىيالىمدا ئۇچماقتا بىر قۇش.
دېدىم يىغلاپ مېنىمۇ ئېلىۋال،
تېزراق ئۇچۇپ ئۇۋامغىلا چۈش.

## تەن ۋە روھ

ماڭا كەلگەن نۇرغۇن دەھشەت،
قالدى روھۇم چىدالماي زەربىگە،
ۋەدە قىلىپ، ئەرز قىلىشقا رەببىگە،
يۈرىكىمنى ئۇچار تەخسە قىلىپ،
ئۇچۇپ كەتتى پەلەككە قاراپ،
قالدى تېنىم تۇتقۇندا ماراپ،
خۇشالمەن بىراق.
ئېلىپ ماڭدى ئۇ تېنىمنىڭ ئاھۇ-زارىنى،
تىترەتمەكچى مالائىكىنىڭ يۈرەك-تارىنى،
قورقۇنچ ئىچىدىمەن.
تەگمەكتە بېشىمغا ساناقسىز كالتەك،
ياردەمسىز قالدىم ھەممىگە ياتتەك،
تىپىرلىماقتىمەن ۋەھىمىدە.
دۈشمەن ھۆكۈم قىلدى ئۆلۈمگە مېنى،
ئۇنتۇدۇڭمۇ روھۇم ۋەدىللىرىڭ قېنى؟
قالدىم تەشۋىشتە ھازىر،
جاللات كېلىپ قېنىمنى ئىچەرمۇ؟
روھىم كەلگۈچە تېنىم چىرەرمۇ؟
ئەمما مەن يەنىلا ئۈمىدۋار.
كېلەر روھۇم قايتىپ ھامان بىر كۈنى،
زىكرى قىلسام تىنماي ياد ئېتىپ ئۇنى...

## تاغ چوققىسى

تاغ چوققىسى!
سەن خۇددى بىر نەيزىدەك!
تىكىلىپسەن كۆككە قىلىپ ھەيۋە،
ئەمما چىرمىۋاپتۇ باغرىڭغا،
تۇمانلاشقان قاپ ـ قارا بىر تەلۋە،
قىلىدىكەن ھەم ئۇ توختىماي غەلۋە.
ئەپتى ئۇنىڭ بۇزۇلغان،
خۇددى سېنى يىتۈپ كەتمەكچى بولغاندەك،
گۈرۈلدەيدىكەن ئالۋاستى نېيى چالغاندەك.
مەنستىمىدىڭسەن ئۇنى، ھەمدە
قارايغان تۇمانغا قاتتىق ئاگاھلارنى بېرىپ،
بۆسۈپ ئۆتتۈڭ كۆكسىنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ،
كەتتى ئۇ بەكلا ئۈركۈپ.
قالدى قاپسىلىپ تېخىمۇ چوڭقۇر ئورىغا،
ئىلىنىپ قالدى بەلكى غەزىپىڭنىڭ تورىغا،
ئەمما سەن داۋاملىق،
پەلەككە قاراپ ئۆرلىدىڭ مەغرۇر!
سېنىڭدىن مەن تۇيدۇم بەك غۇرۇر!

# مەن يېنىپ، نۇرغا ئايلىناي

كۆزۈم بىر نۇقتىدا،
تىكىلىمەن ئۈپۈققا قاراپ ھامان،
بولغاچقا قەلبىمدە ئۈمىدلىك ئارمان.
كۆرۈنمەكتە كۆزۈمگە،
ئۈپۈق قىرىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە،
قالماپتۇ تۈندىن قىلچىلىك زەررە.
يۈزۈمگە قىزىللىق تەپچىمەكتە،
شەپەق نۇرى قىزىل رەڭگەچۆمۈلۈپتۇ.
قاراڭغۇلۇق ئۈپۈق كەينىگە كۆمۈلۈپتۇ،
ئويناپ كەتتى يۈرىكىم.
شەپەق نۇرى قىلدى تەبەسسۇم ماڭا!
مەنمۇ قىلدىم تەبەسسۇم قايتۇرۇپ ئاڭا،
قۇياشتىن تۇغۇلغان ئۇ نۇرلار قېنى؟
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە قۇچاقلار مېنى،
ئستەكلىرىم ئۆرلىدى قەلبىمدە شۇئان.
چىللىدىم ئۇنى كەلگىن دەپ بۇيان،
ئېمىۋالاي نۇرۇڭدىن،
شۈمۈرۋالاي ئويۇڭدىن،
ئايلىناي مەنمۇ بىرئوت شارىدەك ۋولقانغا.
تومۇرۇمنى پىلىك قىلىپ باغلاي چوققامغا،

تارتاي ئۇنى دەرھال،
پارتلاپ يانايمەن گۈلدۈرمامىدەك!
ئۇچقۇنلىرىم پارلىسۇن ئۈمىد شامىدەك.
بولاي مەنمۇ بىر قۇربانلىق،
نۇرغا ئايلانسۇن يالقۇنجاپ تېنىم!
پەيدا بولسۇن يورۇقلۇققا بۇ جېنىم!

# مەنزىلىم

چۆلدە قېلىپ چاڭقىغان قۇشمەن،
ئۇچماقتىمەن مەنزىلنى كۆزلەپ.
ئۇۋام ئىكەن چىمەنزارلىق باغ،
ئانام ماڭا بەرگەنتى سۆزلەپ.

باغاش قىلىپ سەلكىن شامالنى،
ئۇچماقتىمەن بۇلۇتلار يېرىپ.
يولۇم ئۇزاق – مۈشكۈل بولسىمۇ،
قالمىدىممەن قىلچىلىك ھېرىپ.

پەيلىرىمنى قايرىسىمۇ جۇت،
قاناتلىرىم توختىماي قاقار.
تۇمانلىشىپ قارايسا گەر كۆك،
ئوتتۇم يېنىپ چاقماقنى چاقار.

مەنزىل دېگەن يىراقمۇ شۇنداق؟
ئۇچسام، ئۇچسام كۆرۈنمەيدۇ قىر.
ئۈندەر مېنى ئۈمىد - ئارزۇيۇم،
ھاردىم دېمەي قىلىشقا سەۋر.

ئۇچاي مەن، ھېچ توختىماي ئۇچاي،
مەنزىلىمگە يەتكۈچە بىر رەت.

قانىتىمنى كېرىپ چىلك ھەمدە،
ئىلاھىمدىن تىلەي كۈچ-قۇۋۋەت.

## كەچۈرۈڭلار مېنى ئەمما...

كەچۈرۈڭلارمېنى!
تۇققۇنۇم
دوستۇم
قوشنام
ئۇستام
ئەيىبىمنى بىلمەي قىلىپ سالغان
سۆزلىرىمنى بولۇپ قالغان يالغان

كەچۈرۈڭلار مېنى!
سەپدىشىم
كەسىپدىشىم
يولدىشىم
قولدۇشۇم
قەدىمىمنى ئالدىڭلاردا قاتتىقراق ئالغان
ياردەملەرنى مەندىن جاۋابسىز قالغان

كەچۈرۈڭلار مېنى!
يولدىكىلەر
ئوك-سولدىكىلەر

ھەمراھلار
ھەمداستىخانلار
قالغان بولسام قىلالماي سالام
دېمىگەن بولسام ئىززەتى-كالام

كەچۈرۈڭلار مېنى!
تاغلار
باغلار
جانلىقلار
جانسىزلار
سالغان بولسام قىلچىلىك زەخمەت
دېمىگەن بولسام مېھنەتكە رەھمەت

كەچۈرۈڭلار مېنى!
تالادىكىلەر
تالادىكىلەر
قازادىكىلەر
ھازادىكىلەر
سىلالمىغان بولسام ئۆز بېشىڭلارنى
سۈرتەلمىگەن بولسام كۆز يېشىڭلارنى

كەچۈر مېنى!
تەگرىم
دەۋرىم
مىللىتىم
ۋەتىنىم
ئەمرىگنى سېنىڭ قالغان بولسام ياقلىيالماي

ئۈمىدىڭنى سېنىڭ قالغان بولسام ئاقلىيالماي
كەچۈرۈڭلار مېنى!
كەچۈرۈڭ مېنى!
كەچۈر مېنى!
كەچۈرۈڭ مېنى ئەمما ھايات چېغىمدا!!
گۈل تىكەي سۈنۈشقا قەلب بېغىمدا!!

# كۆز يېشىم

كۆز يېشىم ئېقىۋاتىدۇ توختىماي شۇ ھەسرەتتىن،
كەتتى تېشىپ چانىقىمدىن غەزەپ ۋە نەپرەتتىن.

باردۇر بەلكى كۆزۈمدە تۈگىمەيدىغان بىر بۇلاق،
كېلىدۇ مۇڭلۇق تىنىش تۇتسام ئۇنىڭغا قۇلاق.

چۈشسە يېشىم ساقىۋىرىپ لەۋلىرىمنى نەملىتەر،
شۆلگەيلىرىم ئاچچىقلىشىپ ھېسلىرىمنى تەرلىتەر.

كۆز يېشىم ئاققاندا بولدى ئېرىقچىلار يۈز-قۇرۇقۇم،
سۇغۇرۇلغان قومۇشتىن توقۇلدى مېنىڭ چۇرۇقۇم.

قوشۇلغاندا يېشىمدىن دېڭىزمۇ كەتتى كۆۋەجەپ،
چايكىلارمۇ ئۇچۇشتى كۆكلەرگە قانات تىرەجەپ.

تامچىسىدىن يېشىمنىڭ ئۈندى چۆلدە گۈل-گىياھ،
يازدى تەبىئەتكە قىسمىتىمنى بولۇپ يېشىل سىياھ.

كەتمىگەچ زىمىستان، يېشىمدىن بولدى تاغ مۇزلۇق،
قالدى چۆلدەرەپ باغچاممۇ سۈيى بولغاچقا تۇزلۇق.

سالايمۇ ياكى بىر توغان توختىتىشقا كۆز يېشىمنى،
تىلىسەم سىلارمۇ ئىلاھىم مېنىڭ بۇ تاز بېشىمنى!

## سۆكۆت ھېكايىسى

بۆلىنىپتىمەن ئۇزاقتىن بۇيان،
سۆكۆت دېگەن يۇمشاق بۆشۆككە.
يوقۇتۇپ شۇڭا ئادەملىكىمنى،
ئوخشاپ قاپتىمەن خۇددى مۆشۆككە.

سىيلىسا ھەركىم پەپىلەپ مېنى،
ئەكىلەپتىمەن كۆزۈمنى يۇمۇپ.
تاشلاپ بېرىپتۇ بەزلەرنى ماڭا،
گۆش-مايلار بىلەن ئۆزلىرى تويۇپ.

ئېغىناپتىمەن تاۋار كۆرپىدە،
ئىگەڭ مەن دېگەن ھەركىمگە بېقىپ.
ياراپ قاپتىمەن ئۇلارغىمۇ بەك،
ياۋاشلىقىمدىن كۆڭلىگە يېقىپ.

تۆردىن قوغلىسا پەسكە-تالاغا،
لەببەي دەپتىمەن بېشىمنى ئېگىپ.
باركەن «ئىگەم»نىڭ ياندا توقمىقى،

كەتتى تۈيۈقسىز بېشىمغا تېگىپ.

چىقىپ تالاغا شۇمشەيگەن پېتى،
تۇرۇپتىمەن سۆكۈت قىلىپ يەنە.
يىتۈپ ئاچچىقنى ئىچىمگە لېكىن،
قىلماپتىمەن ھەم قىلچىلىك تەنە.

كەلدى شۇئاندا كۆكتىن بىر سادا!
ئېيتقىن ئەي ئىنسان نېمە بولدى ساڭا؟
ئىچىم ئاغرىدى ھالىڭنى كۆرۈپ،
بېرەي مەسلىھەت قۇلاق سېلىپ ئاڭلا!

بولمىغىن ئارتۇق ئاقكۆڭۈل يۇمشاق،
كۆرۈندۈك شۇڭا ھەركىمگە ئەخمەق.
بولۇۋېلىپ ساڭا ئىگە-خوجايىن،
ئىستەر سەندىن ياۋاش قۇل بولماق.

سۆكۈت قىلغىن سەن ئاتا-ئاناڭغا،
قىلغىن يەنە ھەم دوست-تۇغقانغا.
قىلمىغىن ئەمما ھەممىگە سۆكۈت،
ئاتقىن سەنمۇ مۇشت ساڭا ئاتقانغا.

سۆكۈت بېرەر دۈشمەنگە پۇرسەت،
كەلتۈرەر ساڭا جىق بالايى – ئاپەت.
بولساڭ گەر دائىم سۆكۈتكە ئاشنا،
قونماس بېشىڭغا ھۇما قۇش-ئامەت.

كۆرسەتكىن سەنمۇ قەھرىڭنى بىر رەت،
ئېگىپ تۇرمىغىن بېشىڭنى ئەبەد.
سۈكۈتنىڭمۇ بىر چېكى باردۇر،
كۈتمە ياتلاردىن قىلچىلىك شەپقەت.

## ئەينەككە قارىسام

ئەينەككە قارىسام مەن بۇرۇلۇپ،
كۆرۈندى مېنىڭ ئۆز ئەكسىم.
يىللارنىڭ يارقىن ئىزناسى بولۇپ،
بويىلىپتۇ ئاقۇدەك ئاققا چېچىم.
گىرۋەكلىرى كۆزلىرىمنىڭ ئېرىق بولۇپ،
ئېقىشقا باشلاپتۇ ھەسرەت يېشىم.
قاش-كىرپىكىممۇ ئۆسۈپتۇ قىياق كەبى،
ساڭگىلاپتۇ تۆۋەنگە مەغرۇر بېشىم
ئېتىشقا قاراپ كېرىلگەن يادەك بولۇپ،
ئېگىلىپتۇ بىلىم قىلىپ رەببىگە تەزىم.
كۆرۈنمەكتە كۆز ئالدىم تۇمان بولۇپ،
كۆز نۇرۇممۇ قىلىپتۇ بىرئاز خىرەلىشىپ،
ھالا چاقنايتتى ئۈنىڭدىن ئوتلۇق سېزىم.
تېرەممۇ يېرىلىپتۇ سېغىزدەك قۇرغاقلىشىپ
يالدامىسىدەك خۇددى ھاياتنىڭ باسقان ئىزىم
ھەي ئەينەك!
كۆرسىتىۋسەن نېمىشقاپەقەت تېشىمنىلا،
قەلبىمدىكى بارلىقىمنى بىلەلمىدىڭ!
يوشۇرۇنغان زارلىقىمنى ئىلەلمىدىڭ!

ئەمما، ئۇنى بىلگۈچى بىر ئۇلۇغ زاتتۇر
شۈبھىسىزكى، قەلبىم ئاسىيلىققا ياتتۇر

ھەي ئەينەك!
مەن ساڭا ھەرگىز سىر!
ئازابتا ئۆزۈمنى ھەم قىينىمايمەن!
بولدۇڭ ماڭا پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى!
كۆرۈۋالدىممەن ھاياتىمنىڭ بالدىنقىنى،
ئۆتكۈزۈمەن ئەمدى مەنىلىك قالدۇقىنى.

## مەن تېخىچە ياش!

ۋەتەندىن ئايرىلغاندا مەن،
27 ياشتا ئىدىم.
يەنە 27 يىل ئۆتتى،
ھازىرمۇ 27 ياشتا مەن.
ۋەتىنىم مېنى كۈتتى،
كەل!
يېشىڭغا ياش قوشۇپ بېرەي دەپ،
چۈنكى،
يات ئەلدە سەن ياشىدىڭ غەم يەپ.
بارلىشىم بەلكى مۇئەمما،
مەن تا ۋەتەنگە قەدەم باسقۇچە،
يېشىم ئاۋۇمايدۇ، ئەمما،
سەرسانلىقتا ئاقارسىمۇ باش.
يۈرىكىم ئەسلىدىكىدەك سوقىدۇ...
شۇڭا مەن يەنىلا ياش!

## كۆلپەتكە رىتورىك

ھەي كۆلپەت!
سەن قاچاندىن بېرى بېشىمغا چۈشتۈڭ،
ھاياتىمنى مېنىڭ ۋاقىتسىز ئۈششۈتتۈڭ.

ھەي كۆلپەت!
سەن نېمانداق بەك رەھىمسىز يارالغان؟
نەشتىرىڭ مەزلۇمنىڭ كۆزىگە قادالغان.

ھەي كۆلپەت!
كېلەمسەن ئەسلىدە زوراۋانغا بىر تۇغقان؟
ياكى سەن بىر ۋابامۇ مەزلۇملارغا يۇققان؟

ھەي كۆلپەت!
ئالامسەن ھەر كۈنى شەيتاندىن بۇيرۇق؟
نېمىشقا بولسەن يىرتقۇچلارغا قۇيرۇق؟

ھەي كۆلپەت!
زالىملار بىلەن قانداق تىل تېپىشتىڭ؟
نېمىشقا ئاجىزلارغا مەھكەم يېپىشتىڭ؟

ھەي كۆلپەت!
ئېلىپ كەلدىڭسەن ھاياتىمغا زاۋالەت!
نېمىشقا بولمايسەن ھېچبىر خىجالەت!

ھەي كۆلپەت!
بەس! ئەمدى ئايلانما مېنىڭ بېشىمدا!
كەلسەڭ ئەگەر يەنە تۈنجۇقسەن يېشىمدا

## ئىسيانكار روھۇم

بىسىۋالغان ياتلار مېنى بىتىمگە باغلاپ،
قالدى خاتا روھىمنى بويسۇنار چاغلاپ،

توختىماستىن قىلدىممەن قارشىلىق ھامان،
چۈنكى، روھۇم قىلاتتى ھۆرلۈكنى ئارمان!

تۇتقۇن بولۇپ قامالغان تۇنجى كۈنۈمدە،
بەرگەن ئىدى ئۇ تەسەللى قارا تۈنۈمدە.

كالتەك تېگىپ بەدىنىمگە قانلار ئاققاندا،
ئازابلاندى مەن بىلەن تەڭ زىخلار ياققاندا.

ۋارقىرىغاندا سوراقچى ماڭا سېلىپ ھەيۋەت،
ئوقۇغانتى روھۇم شۇئان قانخورغا لەنەت.

روھۇم مېنىڭ چىدالمىدى زارىمغا ئەجەب،
غەزىپىدىن قان تومۇرۇم كەتتى كۆۋەجەپ،

قىلدى ھەمدە ماڭا ئۇ جاراڭلىق خىتاب!

تۇرغىن دىيدى ئۇرنۇڭدىن ئىتىمنى ئاتاپ.

ئۆگەنگىن سىپىل تەشكەن سادىر بوۋاڭدىن،
سۇر-توقاي قىل دۈشمەننى ئۆز ئۇۋاڭدىن.

ئال قولۇڭغا نىمە چىقسا دىمەي چالما-تاش،
ئات كۆزىگە رەقىبىنىڭ چىقىرىۋەتكىن ياش.

ئۇنۇتتۇڭمۇ ئەجدادلىرىڭ ئوسمان-غىنىنى،
جەڭگە كىرىپ، قوغلا دۈشمەن،ئىقىت قىنىنى.

بولغىن سەنمۇ ئۆز ئىلىڭدە ئۆزۈڭگە خوجا،
تۇپرىقىڭنى دۈشمەنلەرگە قىلمىغىن سوۋغا.

ياشا سەنمۇ باشقىلاردەك ئەركىن-ئازاد،
بۇنىڭ ئۈچۈن باتۇرلارچە قىلغىن غازات.

# يېڭى يىلدا كۆرگەن چۈش

يېڭى يىل كېچىسى،
ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈۋاتىمەن.
چۈشۈمدە،
بىر تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپتىمەن.
.
بارسا كەلمەس يولدا...
كېتىۋاتسام ئۇنى مۈرەمدە يۈدۈپ،
سورىدى كىشىلەر مەندىن ئۆتۈنۈپ.

كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قادىلىپ،
نېمە بار دېگىنە بۇنىڭ ئىچىدە؟
چۆمۈپسەنغۇ تەرگە سەن غىچچىدە!

ئىشەنچكە تولغان ھالدا،
بەردىم ئۇلارغا كەسكىن جاۋاب:
ھەممىمىز قىلايلى ئۇنىڭغا تاۋاپ.

چۈنكى ئۇ ئەركىنلىك مۇئەككىلى!

ئېلىپ باردىم ئۇنى،
تېگى ئاتماس قاراڭغۇ جايغا،
چىلىدىم ۋە لىققىدە مايغا.

كۆرگەندە ئۇ قاراڭغۇلۇقنى،
ياندى خۇددى ۋولقاندەك چاچراپ،
پارچىلاندى تۇمانلار ھەريانغا قاتراپ.

غەزەپتىن ئۇ دەھشەتلىك ياللۇنجىغاندا،
قاچتى قاراڭغۇلۇق كۇھىقاپقا قاراپ،
كەتتى كۆڭلۈم مېنىڭ ھەجەپمۇ يايراپ،

## مەن بىر يېشىل ياپراق

مەن بىر يېشىل ياپراق
كېتىمەن سولۇپ دۇنيادىن بىراق!
ئەمما،
قاچان كېتىشنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن
ئۇزۇن ياشاشنى ھەم تىلىمەيمەن
ئارمان ئىچىدە،
قانچىلىك ۋاقىت ياشىسامۇ مەيلى
بىر كۈنى قىلىمەن ئەرشنى سەيلە
يولۇقسام مالائىكىگە،
بېرىپ تىزىملىكىمنى ئۆزۈم يازغان
شوخلۇق قىلىپ ھاياتتا ئازغان
دەيمەن ئۇنىڭغا،
گۇناھلىرىمنى ھېسابچىغا ئېلىپ كەتكىن
كۆيدۈرۈپ مەھشەرگاھدا كۈل ئەتكىن
قالاي مەن دۇنيادا
بولۇپ گۇناھسىز بىر پاك بەندە
قالسۇن پەقەت سۆيگۈلا مەندە...

# تېڭىرقاش

تېڭىرقاپ قالدىم...
ئىشقىمدىكى نازىنىننى كۆرەلمەي،
زارىقىشىمنىڭ ھامىلىسى تۆرەلمەي،
شاخلىرىنى ئانارگۈلنىڭ ئىگەلمەي،
چېچىكىنى يۈرىكىمگە چېگەلمەي،
تېپىشمىغىن ئاشىقىمنىڭ يېشەلمەي،
رىشتىسىنى باغلاشقا يىپ ئىشەلمەي،
كۆرگەن چۈشۈم مەنىسىنى بىلەلمەي،
سۆيۈۋالغان پەرىزاتقا كۈلەلمەي،
ھېسلىرىمنىڭ شاۋقۇنىدا يۈرەلمەي،
ھەسرىتىمنىڭ ئاچچىقىنى يۈتەلمەي،
ھىجرانىمنىڭ تۈگىشىنى كۈتەلمەي،
ھىدايەتنىڭ شولىسىنى سۆيەلمەي،
ئىمانىمنىڭ ئۇچقۇنىدا كۆيەلمەي،
ۋىجدانىمنىڭ سورىغىنى بېرەلمەي،
ھەقىقەتنىڭ ئىشىكىدىن كېرەلمەي،
تۇمانلاردا ساپ ھاۋانى سۈزەلمەي،
ئارمانلىرىم قايىنىمىدا ئۈزەلمەي...

## كىتابسىز قېلىش

مەن كىتابسىز قالدىم،
قەلبىم قارىيىپ كەتتى.
شەيتانلىرىم غالىب كېلىپ،
روھىمنى گاداي ئەتتى.

تەمتىرىدىم ھەر ئىشتا،
قىلالمىدىم ھېچنېمىنى بىر ياقىلىق.
بولۇپ تولىسى خاتا،
تارتتىم ھەر يەردە خاپىلىق.

كۆز ئالدىم ئىدى تۇمانلىق،
يول ماڭسام قالدىم ئېزىپ.
كايىپ كەتتى تۇپراقمۇ،
ئايىقىمنىڭ تايغانلىقىنى سېزىپ.

ياراشمىدى ھېچنېمە،
يەكلىدى كائىنات مېنى.
ئالالمىدىم ئىنسانلىقتىن نېسۋە،
دۇنيادىكى ئورنۇم قېنى؟

## يول

يول
باشقىلارمۇ مېڭىپتىكەن!
مەنمۇ ماڭدىم.
ۋاقىتنى- ۋاقىتقا تاڭدىم،
كېچە- كۈندۈز دېمىدىم،
تۈگىشىدىن غەم يېمىدىم.
ئەمما، چەكسىز ئىكەن بۇ يول،
ئۇزۇن ھەم قايرىلغان ئوڭ – سول.
بەزەن كىرىپ قالدىم چوڭقۇر ئويمانغا،
ئۆسۈپ قالدىم يەنە قاراڭغۇ ئورمانغا.
يەنە بەزەن توسۇۋالدى چوققىلار قارلىق،
قىلىپ قالدى بۇ يوللا ماڭا بەكمۇ تارلىق.
نېسىپ بولمىدى گۈل- گىياھلىق باغلار،
دۇچ كەلگىنىم ساپلا تىك قىيالىق تاغلار.
قانداق قىلاي؟
دۇنيانىڭ پايانى ئىكەن مۇشۇنداق غەلىتە،
يازىدىكەن ھاياتقا ھەر خىل لەتىپە.
مەيلى، تەقدىر نېمە يازسا- يازسۇن!
ھەتتا قار- مۇزلار ئۈستۈمدىن باسسۇن.

داۋام ئېتىمەن يولۇمنى توختاتماي يەنىلا،
بەلكىم، يېقىنلاپ قالدىم مەنزىلگە خېلىلا.

# جىمجىتلىق ۋە خىيال

ئەتىگەندە باغچىدا ئىدىم،
جىمجىت ئىدى شۇ قەدەر ئەتراپ،
ئۈچۈۋاتاتتى قۇشلارلا يېقىملىق سايراپ.
ئاغىمغانلار توساتتىنلا پەيدا بولۇپ،
يۈرۈشەتتى دەرەختىن-دەرەخكە قاتراپ.
ئاسماندىمۇ يوق ئىدى قىلچىمۇ تىۋىش،
كەتكەن ئىكەن بۇلۇتلار ئەتراپقا تاراپ.
دېدىممەن ئاھ! جىمجىتلىق!
بولغىنىچۇ ماڭا ھەمراھ كۆزۈمگە قاراپ،
ھەئە! دېگەن ئىدى ئۇ، ئەمما يىراقتىن،
بىر كۆلەڭگە كېلىۋاتاتتى جىندەك ماراپ.
مەن قاچتىم جىمجىتلىقنى تېنىمگە ئوراپ،
چىقىپ قالدىم كەڭ دالاغا تېخىمۇ جىمجىت،
ئاتتىم قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاشىقنى دوراپ،
چۈنكى، خىيالىم تۈگىمىگەن ئىدى.
باشلىۋالدىم يەنە ئۇنى سوئاللار سوراپ.

## ئەركەم!

مەن توغۇلۇپ دۇنياغا پەقەت!
ئەركىلىگەن ئىدىم كۈلۈپ ئانامغا،
ئەركىلىگەن ئىدىم يەنەكۆيۈمچان ئاتامغا.
مېنىمۇ،
ئەركىلىتىپ كۈلدۈرگەن ئىدى شۇ ئانام!
ئەركىلىتىپ كۆتۈرگەن ئىدى ھەمدە ئاتام!
ئانام ئەركىلىتىپ دەيتتى:
قېنى ئوغلۇم كۈلگىن قاراپ ماڭا،
بېرەي مەن چەكسىز مېھرىمنى ساڭا!
بۆشۈكۈڭنى تەۋرىتىپ چۆچەكلەر ئېيتاي،
بۆلەپسېنى چۈشلەرگە تاتلىق ئۇخلىتاي!
ئويغانغاندا يىغلىماي كۈلگۈنچەك يەنە،
ئۇزاق قالماي ئاياق چىقىپ تاقلايسەن ئەنە!
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مەكتەپكە بارغىن!
بىلىمى ئېلىش يولىدا بولمىغىن ھارغىن!
ئىلىم-پەندە ئالىم بولۇپ زەپەرلەر قۇچقىن!
ياساپ سەنمۇ راكېتالار كۆكلەردە ئۇچقىن!
دەيتتى ئاتام ئەركىلىتىپ:
قېنى ئوغلۇم كۈلگىنە بىر توختىماي!

چوڭ بولغايسەن باشقىلارغا ئوخشماي!
بولسۇن بىلگۈڭ توم،يۈرىكىڭ چوڭ،
بولسۇن ئامەت يار، ئىشلىرىڭ ئوڭ!
ئالغىن ئەل-جامائەت كۆپتىن ئىنايەت!
خەلقىڭ كۈلسە كۈل، يىغلىسا يىغلا!
كەلسە دۈشمەن ۋەتەنگە يۈرىكىنى تىغلا!

## مەن يېنىپ، نۇرغا ئايلىناي

كۆزۈم بىر نۇقتىدا،
تىكىلىمەن ئۈپۈققا قاراپ ھامان،
بولغاچقا قەلبىمدە ئۈمىدلىك ئارمان.
كۆرۈنمەكتە كۆزۈمگە،
ئۈپۈق قىرىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە،
قالماپتۇ تۈندىن قىلچىلىك زەررە.
يۈزۈمگە قىزىللىق تەپچىمەكتە،
شەپەق نۇرى قىزىل رەڭگە چۆمۈلۈپتۇ،
قاراڭغۇلۇق ئۈپۈق كەينىگە كۆمۈلۈپتۇ.
ئويناپ كەتتى يۈرىكىم.
شەپەق نۇرى قىلدى تەبەسسۇم ماڭا!
مەنمۇ قىلدىم تەبەسسۇم قايتۇرۇپ ئاڭا،
قۇياشتىن تۇغۇلغان ئۇ نۇرلار قېنى؟
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە قۇچاقلار مېنى،
ئىستەكلىرىم ئۆرلىدى قەلبىمدە شۇئان،
چىللىدىم ئۇنى كەلگىن دەپ بۇيان.
ئېمىۋالاي نۇرىڭدىن،
شۈمۈرۈۋالاي ئوتۇڭدىن،
ئايلىناي مەنمۇ بىر ئوت شارىدەك ۋولقانغا،
تومۇرۇمنى يىلىك قىلىپ باغلاي چوققامغا.

تارتاي ئۇنى دەرھال،

پارتلاپ يانايمەن گۈلدۈرمامىدەك!

ئۇچقۇنلىرىم پارلىسۇن ئۈمىد شامىدەك،

بولاي مەنمۇ بىر قۇربانلىق،

نۇرغا ئايلانسۇن يالقۇنجاپ تېنىم!

پەيدا بولسۇن يورۇقلۇققا بۇ جېنىم!

## ئۆتۈپ كەتتىڭ، ئەي يىللار!

ئۆتۈپ كەتتىڭ!
ئىنسانلارغا ئامەت ۋە خۇشاللىق بېرىپ،
ئەمما مېنىڭ يۈرىكىمنى ھەرىدەپ يېرىپ!

ئۆتۈپ كەتتىڭ!
نۇرغۇن قىسمەت ۋە قىسسەلەرنى يېزىپ،
ئەمما مەندىن ھېچبىر سەۋەبسىز بېزىپ.

ئۆتۈپ كەتتىڭ!
قۇياش چاچقان ئالتۇن نۇرلارنى ئېمىپ،
ئەمما ماڭا بىر يېتىم تامچىدەك تېمىپ.

ئۆتۈپ كەتتىڭ!
دەردمەنلەرنى تېخىمۇ دەردتە قالدۇرۇپ،
مەندەك ئاجىز قۇشلارنى ساغا ئالدۇرۇپ.

ئۆتۈپ كەتتىڭ!
مەن بىلەن سايەمدەك بىرگە يۈرمەستىن،
قانىغان يارامغا بىرئاز مەلھەم سۈرمەستىن.

ئۆتۈپ كەتتىڭ!
دۇنيانى سانسىزلىغان سىرلارغا بۆلەپ،
قالدىم يەنە مەن ئېغىر بەدەللەر تۆلەپ.

ئۆتۈپ كەتتىڭ!
دۇنياغا سەن كۆپلىگەن سوئاللار قويۇپ،
تىككەن كۆچەتمىنىڭ پوستىنى سويۇپ.

ئېيتقىنا يىللار قاچان بېرەرسەن جاۋاب؟
باقساڭ ماڭىمۇ خۇش، بولماسمۇ ساۋاب؟

ئاڭلارسەنمۇ يېلىنىپ، قىلسام خىتاب!
ياشارمەنمۇ يەنە شۇنداق نىمجان-بىتاپ؟

## قەلبىمدە

قەلبىمدە مۇھەببەت ئوتى يالقۇنجىماقتا....
مەن ئۇنىڭدىن روھلىنىپ كۈلمەن !
ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا ئۆلمەن!
يالقۇن ئەۋجىگە چىققاندا،
ئۇنىڭدىن يارقىن يالقۇن نۇرلار ئۇچىدۇ.
يورۇتۇپ ئۇ قەلبىمنى باشقىدىن،
ھاياتىم يېڭى دۇنيا قۇچىدۇ.
بۇ يالقۇن قەلبىمنىڭ گۈلخانىدۇر!
رازىمەن مەڭگۈ ئۇنىڭدا لاۋۇلداپ كۆيۈشكە،
چۈنكى،
يالقۇنجىغان مۇھەببەتلا قادىردۇر سۆيۈشكە!

## يۈرىكىمدىن چىققىنى

مېنىڭ مەۋجۇدىيىتىمدە بولغان،
بىر ھەقىقەت.
ئىشق ئوتىدا تولغانغان،
بىر ھەسرەت.
سەممىيلىككە تولغان،
بىر سۆز.
ۋاپادارلىقتا بىقىلغان،
بىر كۆز.
مەڭگۈ قانمايدىغان،
بىر تىلەك.
ھىجرانلىقنى قاندۇرىدىغان،
بىر ئەمەك.
ناتىۋانلارغا كۆرسىتىلگەن،
بىر شەپقەت.
ۋىجدانسىزلارغا ئېتىلغان،
بىر نەپرەت.
ھەمدە ھېچ سولمايدىغان،
بىر مۇھەببەت!

## بۇ قانداق تەقدىر

قانداق تەقدىر بۇ،
مەن ئۈچۈن بەك رەھىمسىز پۈتۈلگەن.
بېشىمدىن كۆپ پاجىئەلەر ئۆتۈلگەن.
بولالمىدىم ھازىرمەن ئۆزۈمگە ئىگە،
تاجۇ-تەختىم يالماۋۇزغا يۈتۈلگەن!

قانداق تەقدىر بۇ؟
دۆلىتىم بولمىغاچ ھەر يەردە خارمەن،
مىللىم يوق ھەتتاكى بىر نانغا زارمەن.
ۋەتىنىم مېنىڭكى تارتىپ ئېلىندى،
كېتەرگە يېرىم يوق دۇنياغا تارمەن!

قانداق تەقدىر بۇ؟
تۇغۇلغان يۇرت -ۋەتىنىمنى سۆيەلمىدىم،
ئاتا-ئانامغا ئەركىلەپ ھەم كۆيەلمىدىم.
ئىكەن مېنىڭ تەقدىرىم ياتلار قولىدا،
باشقىلاردەك خۇشال يايراپ كۈلەلمىدىم!

قانداق تەقدىر بۇ؟
كۆرمىدىمغۇ دىنداشلاردىن بىرەر ۋاپا؟
ئىرقداش-تۇغقانلىرىم قىلماقتا خاپا،

يۇمۇۋالغاچ كۆزىنى قوشنا ـ قولۇملار.
سالدى ماڭا زالىملار توختىماي جاپا!

قانداق تەقدىر بۇ؟
ياشىيالمىدىم باراۋەر ئىنسان قاتارى،
چالالمىدىم هويلامدا دۇتار ـ ساتارى.
سايرىيالمىدىم قۇشچىلىك ئۆز تىلىمدا،
يېدى دىلىم هەر يەردە قاتتىق ئازارى!

قانداق تەقدىر بۇ؟
ئالالمىدىم نەپەس مەن يوغانىراق تىنىپ،
ئۇخلىيالمىدىم هەتتاكى ئۇيقۇغا قېنىپ.
كېچە ـ كۈندۈز قايغۇغا بولدۇم مۇپتىلا،
كۆيدۈمغۇ تىرىك تۇرۇپ دوزاختا يېنىپ!

قانداق تەقدىر بۇ؟
تۇغۇلغان يەر نىمىشكە مېنى يەكلىسۇن؟
ماكانىمنى ياۋلار چۇۋۇپ ـ چەيلىسۇن؟
غېرىبىمەن مۇساپىر بولۇپ ياقا ـ يۇرتلاردا،
هوقۇقۇمنى ياشاش نېچۈن چەكلىسۇن؟

قانداق تەقدىر بۇ؟
مەن ئۈچۈن نېمىشقا كۈلۈپ باقمايدۇ؟
چاڭقىغان دىلىمغا سۇلار ئاقمايدۇ؟
تەقدىرگە تەن بېرىپ ياشامدىم شۇنداق؟
هۆرلۈك، بەخت تاجىنى ماڭا تاقمايدۇ؟

## يىللارغا خىتاب!

كونا يىلنى ئۇنۇتمايمەن!
يېڭى يىلنى قۇتلىمايمەن!
كۆڭلۈم ھېچنېمىدىن خۇش بولمىدى.
ئۆتتى كۆڭلۈم ۋەسۋەسىدە تېڭىرقاپ،
بىرەرمۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىم تولمىدى.
كونا يىلدا تارتتىم كۆپ خاپىلىق،
يېڭىسىدا تېخى چېھرىم سولمىدى.
ئەمما، تىترەپ يۈرىكىم بىر ياپراقتەك،
غېرىبلىقتا تۇنجۇقۇپ قاتتىق سوقمىدى.
كونىسىدىن قالمىدى ھېچ بىر ئەستىلىك،
يېڭىسىدىن كۈتكىنىم ھېچ يوقمىدى؟
ئاڭلا سەندىن مەن شۇلارنى كۈتىمەن،
قىينىما جاننى! ئەسلى كۆڭلۈم توقمىدى؟
ئەي كونا يىل! قالدى سەندە كۆپ ئارمىنىم،
يۈرىكىمنى قاناتقىنى سەن ئاتقان ئوقمىدى؟
ئەي يېڭى يىل سەن بىلەن چېلىشىمەن،
نېمە بولار ئالدىمدا دەپ قەلبىم قورقمىدى!

## دەيمەن!

ھەي! ۋەتىنىم تېزراق ۋەسلىڭگە يەتسەم دەيمەن،
تۇپرىقىڭدىن بىر چىمدىم كاپ ئەتسەم دەيمەن!

ۋەتەنسىزلىكتە بولمىدى مېنىڭ قارار جايىم،
ئۆز يۇرتۇمدا بىر ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم دەيمەن!

يات ئەللەردە ھەر تەرەپتىن يەكلەندىم بەكلا،
ئۆز يۇرتۇمدىن ياۋلارنى قوغلىسام دەيمەن!

يات ئەلنىڭ ئېشىمۇ بولدى ماڭا بىر زەھەر،
ئۆز ئېلىمدە ئىچسەممۇ مەيلى ئۇماچ دەيمەن!

يات ئەلدە يۈزۈم ھەر زامان كۈلۈپ باقمىدى،
ئۆز يۇرتۇمدا يىغلىساممۇ-كۈلگىنىم دەيمەن!

يات ئەلدە بولغۇچە، مەن بىر بايۋەچچە،
ئۆز ئېلىمدە قەلەندەر بولسامچۇ دەيمەن!

يات ئەلنىڭ كۈن نۇرىمۇ ماڭا تەگمىدى،
ئۆز ئېلىمدە قار ياغسىمۇ يېپىنچام دەيمەن!

يات ئەلدە بەدىنىمگە ئىسسىق ئۆتمىدى
ئۆز ئۆيۉمدە توڭلساموۇ تەرلىدىم دەيمەن!

# تۇپراق

ھەي، تۇپراق!
مەن سېنى دەيمەن ئانام!
چۈنكى مەن سەندىن يارالدىم.
ئەمما خۇددى ئۆگەي بالاڭدەك،
سەندىن قوغلىنىپ چەتكە تارالدىم.
ئانام مېنى تۇغقاندا لاتىغا يۆگەپ،
ئۈستۈڭدە يۇملىتىپ ئىسىم قويغانىكەن .
چوڭ بولۇپ ئېغىزىم ئاشقا تەگكەندە،
بۇ جېنىم سېنىڭدىن جاق تويغانىكەن.
ئانامنى سەن بالدۇر قوينۇڭغا ئالدىڭ،
قالدىم بۇ دۇنيادا بولۇپ بىر يېتىم!
كۆتىسەن يەنە ئىشتىها بىلەن،
دادامنى چاقىرىپ تاپماستىن تېنىم!
ھەي!تۇپراق نېمانداق كەڭرىدۇر قوينۇڭ،
بىر كۈنى مېنىمۇ يىتۈپ كېتىسەن!
قىلىپ سەن بالامنى دەردكە موك تولا،
تېنىمنى بۆشۈكتە ئەللەي ئېتىسەن!
ھەي تۇپراق ساڭا مەن دارتىلمايمەن،
چاقىرىۋال مېنىمۇ خارلىقتىن ئەۋەل!
ئۈستۈڭدە زارلىنىپ ئازاب چەككەندىن،

ئاستىڭدا شادلىنىپ ئۇخلىسام ئەۋزەل!

## قارلىق

مېنىڭ مەھەللەمدە بۈگۈن قار ياغدى،
قارلىق تاشلىدىم سىزلەرگە دوستۇم.
بولسىڭىزمۇ شىمالىي قۇتۇپتا ئەگەر،
بۇ سىزگە بېرىلگەن بىر ئۈلتىماتوم !

سىز مېنى قوغلاپ تۇتۇشىڭىز كېرەك!
ياكى مەن كۈتكەننى بېرىشىڭىز كېرەك!
بىرەر كۆكۈل سوۋغىسى ئەۋەتىپ،
دوستلۇق گۈللىرى تېرىشىڭىز كېرەك!

قارا ياغسا بەكمۇ كۆكۈللەر يايرار،
پۈركىنىدۇ تەبىئەت ئاپاق چېچەككە.
قېتىلىڭ سىزمۇ بۇ قارلىقىمغا،
بىز بىللە يېتەيلى ئارزۇ تىلەككە!

ئويغىنىڭ! دوستلىرىم ئۈچەككە كىرمەي،
رىشتىمىز باغلانسۇن بىر-بىرىمىزگە!
كۆكۈلنى كۆكۈلگە چىڭ تۇتاشتۇرايلى،
ئارىلىقلار توسالغۇ بولمىسۇن بىزگە!

## بۈگۈن كېچە

بۈگۈن كېچە،
ئورنۇمدىن تۇرۇپلا چىراغنى ياقتىم.
ئاللاھنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ،
ئىبادەت دېڭىزىدا مۇڭلىنىپ ئاقتىم.
بۈگۈن بىلەن،
رامىزاننىڭ ئون بەشىنى كۈتتۈۋالدىم.
ھېچقانداق چەكلىمىسىز راھەتتە،
ئون بەش كۈن روزامنى تۇتتۇۋالدىم.
زوھۇرلۇقنى يەپ بولۇپ،
روھىمۇ شادلىققا تولۇپ،
دۇئايىمنى باشلىغان ئىدىم.
شۇئان خىيالىم كەتتى يىراققا،
ۋەتىنىمدە بىر قاراڭغۇ ئۆيدىكى،
يېقىلمىغان ئىلاجىسىز چىراغقا،
ئويغانغان بولسىمۇ ئۇ سەھەردە،
توك چىراغنى بىر ياقالمىدى.
گاز ئوچاقنى ھەم ئاچالمىدى.
ئۇنىڭ روزا تۇتۇشى چەكلەنگەن.
قۇرئاننى ئوقۇيالمىدى. چۈنكى،

ئاغزى ئۇنىڭ پىچەتلەنگەن.
بىر لوقما زوھۇرلۇق يېيەلمىدى .
ئاھ! خۇدا ! ھەم دېيەلمىدى.
دېدىم: ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ،
ئەي قېرىندىشىم!
كۆڭلۈڭنى قىلمىغىن يېرىم!
سېنى كەچۈردۇ ئالاھۇ كېرىم!
رامىزاننى سەن ئۇچۇن مەنلا تۇتاي.
يېگەندەك بولغىن زوھۇرلۇقنى،
بىر كاپام ئارتۇق سەن ئۇچۇن يۇتاي!

## ئانا كەپتەر ۋە باچكىسى

بالكونۇمدا،
ئۇۋۋال سالغان ھېلىقى ئانا كەپتەر!
ھاياتىغا ئاچتى بۆگۈن يېڭى دەپتەر.
تۇرۇپلا ھۆمۈدەپ كەتتى ئۆنلۈك!
چۆشەندىم بۇ بىر خۇش- خەۋەركەن،
باچكىسى بولۇپتۇ بۆگۈن بىر كۆنلۈك.
قارىدىم مەن ئۇنىڭغا يىراقتىن،
توختىماي سۆيەتتى ئۇ باچكىسىنى،
بەلكى يېنىۋاتاتتى ئىشقى- پىراقتىن.
ھەي! ئانا كەپتەر!: دېدىممەن
باچكىلىرىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپتۇ،
ئەمدى ئۇلارنى تاشلاپ كېتەرسەنمۇ؟
ياكى ئۇلار ئۇچۇرۇم بولغىچە،
يەنە تېنىڭنى قورغان ئېتەرسەنمۇ؟
دېدى ئۇ شۇئان ئۆنلۈك سايراپ:
ئۇلار ئۆچۈن مېنىڭ جېنىم پىدا!
ئۆزۈم يېمەي بېرىمەن ئوزۇقلۇق،
قىلمىسۇن دەپ ئاچلىقتىن نىدا!
ئۇلار ئۇچقاندىلا كۆكتە پەرۋاز قىلىپ،

مەنمۇ ئارمىنىمغا يېتىمەن.
ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن،
كائىناتقا قېتىلىپ كېتىمەن!

## ئەندىشەلەنمە! باچكاڭدىن

ھەي، ئانا كەپتەر!
نىمشقا قارايسەن كۆزۈڭنى تۆت قىلىپ،
ئەندىشە ئىچىدىسەن بەلكى باچكاڭدىن!
كەچۈر مېنى!
قورقۇتقان بولسام يۈرىكىڭنى تىلىپ،
ھەي! ئانا كەپتەر!
ئەندىشەلەنمە باچكاڭدىن ئەسلا!
مەن بىر ئىنسان جانلىقنى سۆيىدىغان.
يۈرىكىمدە ئوت بار ھاياتلىققا كۆيىدىغان.
ئاڭلىغانمەن! باچكا قېنى دورىلىق دەپ،
بەدەندىكى نەملىكنى ئالارمىش ئۇ،
كېتىدىكەن شۇڭا بەزىلەر ئۇنى يەپ.

ھەي!ئانا كەپتەر!
ئەمما، مەن ئۇنى يېمەيمەن ھەرگىز!
بەرمەيمەن ئازاب ساڭا نەپسىم ئۈچۈن.
سالمايمەن ئارىمىزغا ئۆچمەنلىك تەگسىز.
ھەي، ئانا كەپتەر!
سەنمۇ بىر جانلىق خۇددى مەندەك.

باچكاڭمۇ چوڭ بولىدۇ خۇددى سەندەك.
كۆرىمەن ئۇنىمۇ سېنى ياخشى كۆرگەندەك.
ياشايلى تۈم جانلىقلار خۇددى بىر تەندەك!

## خانقىز!

خانقىز، كەلگىن!
ھەر كۈنى دېرىزىدىن كىرىسەن، كىرىۋەر!
كۆرۈنىسەن ماڭا خۇددى گۈل-چىمەندەك،
ئەگەر ئۇچساڭ قانات كىرىپ لەپىلدەپ.
بولۇپ قالىسەن ئۇسۇلدىكى سەنەمدەك،
سالام دەيسەن ھەر كىرگەندە ئېگىلىشىپ.
مەن بىلەن بىر دوست بولماقچى بولغاندەك،
كېتىسەن قەلبىمنىڭ قاتلىرىغا سىڭىشىپ.
خانقىز، كىرگىن! مەن سېنى يەكلىمەيمەن،
سەنمۇ خۇددى بىر جانلىق ئاللاھ ياراتقان!
خالىغىنىڭنى ئال! يېگىن، چەكلىمەيمەن،
بەلكى سەن ماڭا ئېلىپ كەلدىڭ شۇ دەم.
ئاتا-بوۋام، ئەجدادلارنىڭ روھىدىن سالام،
مەن سېزىۋاتىمەن ئۇنى ھىدلىرىڭدىن!
سەن دېيەلمىسەڭمۇ ئېغىز ئېچىپ كالام،
سەن چوقۇم روھلار بىلەن بىللە بولغان.
ۋەزىپەڭدۇر بەلكى ئۇنى ماڭا يەتكۈزۈش!
خانقىز كەل! مەن سېنى قارشى ئالىمەن،
خىسلىتىڭدۇر قەلبىمنى ھەم يورۇتۇش!

## چۈشەندىم يارىم ئىشارىتىڭدىن...

چۈشەندىم يارىم ئىشارىتىڭدىن،
كۆڭلۈڭنى ماڭىلا بەرگەنلىكىڭنى.
يۈرىكىڭ قېتىغا ئېكىنزار ياساپ،
سونۇشقا قىزىلگۈل تەرگەنلىكىڭنى.

چۈشەندىم يارىم ئىشارىتىڭدىن،
قىزىللىق يۈزۈڭگە چىقىپتۇ تەپچىپ.
ئالمىدەك مەڭزىڭمۇ لىكىلداپ ئۇماق،
يوشۇرغان سىرىڭنى بەرمەكتە ئېچىپ.

چۈشەندىم يارىم ئىشارىتىڭدىن،
كېيىكتەك كۆزلىرىڭ قىسلدى ئەنە!
ئىزتىراپ ئىچىدە بېقىشلىرىڭمۇ،
مۇھەببەت ئۇچقۇنى چاچرىتار يەنە!

چۈشەندىم يارىم ئىشارىتىڭدىن،
ئىزدەيسەن زارىقىپ بىرسىنى بەلكىم.
باقسەن تەلمۈرۈپ يىراق ئۇپۇققا،
قويمىغاچ ھېسلىرىڭ ئۆزۈڭنى ئەركىن.

چۈشەندىم يارىم ئىشارىتىڭدىن،
سارغايغان يۈزۈڭدىن ھەسرەت تۆكۈلەر
تىنىقىم ساڭا شۇ قەدەر يېقىن،
ھەقىقىي ئاشىقلىك سېنىلا كۈتەر.

چۈشەندىم يارىم ئىشارىتىڭدىن،
لېۋىڭدىن يوشۇرۇن كۈلكە بىلىنەر.
ئۈمىد شامىڭنى ھېچ ئۆچۈرمىگىن!
ئىشقىمنىڭ نۇرىدا يۈزۈڭ سىلىنەر.

## مەن ئاشىق بولغان قىز

مەن ئاشىق بولغان ئۇ قىزنى،
پەقەت چۈشۈمدە كۆرگەن.
ئۇ بىر پەرىشتە ئىدى!
ئەمما ماڭا قاراپ بىر كۈلگەن،
مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن چىققان نۇرغا ئىلىندىم.
قېشىنى يا قىلىپ كېرىپ،
كىرپىك ئوقىنى ئاتقاندا مەن قىرىلدىم.
ئەمما ئۇ ماڭا ئەپسۇن ئوقۇپ،
كۆزىدىن ياش ئاققاندا قايتا تىرىلدىم.
بولۇپ قالدىم شۇ چاغ مەن ئۇنىڭ جۈپتى،
ئۇچتۇق بىللە ئەرشىدە لەرزان!
ئەمما ھەر ئىككىمىزنىڭ تېنى يوقتى.
بىز ئىدۇق پەقەت نۇردىن چىققان بىر سېما!
ئىستەيتتۇق مەڭگۈ بىللە ئۇچۇشنى،
ئايرىلغۇمىز يوقتى تەنسىز بولساقمۇ، ئەمما!

# ئايرىلغاندا

ئايرىلغاندا ئەي يار مەندىن تەسەددۇپ،
يۈرىكىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ قال!
بولسا زەرداب يۈرىكىڭ گەر ھەسرەتتىن،
يېرىپ كۆكسۈڭ يۈرىكىمنى قوشۇپ ئال.

ئايرىلغاندا ئەي يار مەندىن تەسەددۈپ،
تومۇرۇمنىڭ بىر ئۇچىنى كېسىۋال.
سېغىنىشتىن گەر چىرايىڭ سارغايسا،
نەچچە قىلىپ ئۇنى شەربەت ئىچىۋال.

ئايرىلغاندا ئەي يار مەندىن تەسەددۈپ،
كۆڭلۈمنىڭ بىر غۇنچىسىنى ئۈزۈۋال.
قاغجىرىسا گەر مۇھەببەت ئېتىزىڭ،
تىكىپ ئۇنى دەستە گۈللەر تىزىۋال.

ئايرىلغاندا ئەي يار مەندىن تەسەددۇپ،
ھىدلىرىمنى بوغچا قىلىپ ئورىۋال.
ئەسلىگەندە مۇھەببەتلىك كۈنلەرنى،
ئېچىپ ئۇنى قانغۇچە بىر پۇرىۋال.

ئايرىلغاندا ئەي يار مەندىن تەسەددۇپ،
يوللىرىڭغا ئىزلىرىڭنى سېلىپ كەت.
ئىزدەپ بارسام بىر كۈن يەنە ئارماندا،
قۇچاق ئېچىپ يەنە مېنى باغاش ئەت.

## سۆيگۈ ئىستىكى

مەن سۆيگەن يارنىڭ مۇھەببىتى،
دېڭىزدەك چوڭقۇر ھەم سۈزۈك ئىدى.
ئۇنىڭ نەزىرىدە مۇھەببەت....
يۈرەككە سىڭىنغان ئۆزۈك ئىدى.

تەلمۈرۈپ ئۇ ماڭا ھەر ۋاقىت،
مەندىن پەقەت سۆيگۈ كۈتەتتى.
بىرەلمىسەم ئۇنىڭغا سۆيگۈ....
سۈكۈتكە چۆمۈپ ئاچچىق يۈتەتتى.

مەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا،
بېقىشىمدىن سۆيگۈ ئىزدەيتتى.
كۆرەلمىسە گەر سۆيگۈ نۇرىنى،
ئۇنى ئىزدەپ ھەر يان كېزەتتى.

مەن ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچقاندا،
ئاۋازىمدىن كۈيلەر سۈزەتتى.
چىقمىسا ئەگەر تاۋۇشۇم تىترەپ،
مۇھەببىتىمدىن ئۈمىد ئۈزەتتى.

مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا،
هارارەتتىن قىزىپ كېتەتتى.
سۆيگۈ ئوتى يۈرەككە ئۆتكەچ،
سۆيۈپ مېنى باغاش ئېتەتتى.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلگەندە،
تەبەسسۇم قىلىپ ئۇمۇ كۈلەتتى.
كۆرمىگەندە ئۇ كۆزۈمدە ئۇچقۇن....
قەلبىدە ئۇنىڭ سۆيگۈم ئۆلەتتى.

## ئادەم ۋە مايمۇن

ئادەم ۋە مايمۇننى ھەم خۇدا ياراتقان!
مايمۇن ئىدى ئەقىلسىز ئادەم ئەقىللىك.
مايمۇن چىرقىرايتتى ئادەمنى ساز قىلىپ،
ئادەمنىڭ سۆزى ئىدى لېكىن يېقىملىق.
ئادەم ماڭاتتى بېشىنى يولدا تىك تۇتۇپ،
مايمۇنمۇ تىك تۇراتتى بەزەن ئۆرە بولۇپ.
مايمۇننىڭ قىلىقلىرى ئادەمگە ياققان،
ئادەممۇ مايمۇنى ھەم دوراپ باققان.
مايمۇن ئىدىغۇ تۇغما قىپ-يالىڭاچ،
يارىتىلغان ئاشۇنداق تەلىيى بەك كاج.
ئادەملەرمۇ يالىڭاچ بولۇپ بەزى ۋاقىتتا،
مۇھەببەتنىڭ ئوتىدا تەرلەپ يېتىشقان.
ئادەم بىلگەچكە ئەمما ئار-نومۇسنى،
مايمۇندىن ئىبرەت ئېلىپ پەردىنى ياپقان.
ئەقلى بولغاچ يۇلۇۋېلىپ مايمۇن قىلىنى،
ئۈستى- بېشىنى يېپىپ ئۆزىنى تاپقان!

# سۆيسەڭ مېنى!

سۆيسەڭ مېنى يار شېرىندەك سۆيگىن،
كۆيسەڭ ماڭا ئەگەر پەرھاتتەك كۆيگىن.

كۆرسەڭ مېنى يار ھاتەمدەك كۆرگىن،
يۉرسەڭ مەن بىلەن سايەمدەك يۉرگىن.

ئاتساڭ قېشىڭدا ئوق كۆزۉمگە ئاتقىن،
ياتساڭ يېنىمدا يار يۉرىكىمگە پاتقىن.

مارىساڭ مېنى ئەگەر تاغدىن مارىغىن،
قارىساڭ ماڭا ئەگەر باغدىن قارىغىن.

ئوخشاتماقچى بولساڭ كاككۇكقا ئوخشات،
بولالمىساڭ زەينەپ گەر سۆزۉڭنى توختات.

قىلماقچى بولساڭ گەر ئۆزۉڭگە ئاشنا!
يۉرىكىڭنى يېرىپ ماڭا كۆرسەتكىن رەنا.

ئاشىق بولساڭ گەر ماڭا يىراق كەتمىگىن!
كۆيدۉرۉپ قەلبىمنى ۋولقان ئەتمىگىن!

# ياشلىقىم

ئاھ! ياشلىقىم!
سەن ماڭا بىرلا قېتىم كېلىپسەن!
ھەم يەنە شۇنداق تېزلا كېتىپسەن.
سەن نېمانداق بىر رەھىمسىز-نامەرد!
يەنە بىر قېتىم نېمىشقا كەلمەيسەن؟
سېنىڭ بىلەن كېتىپتۇ مەندىن ئامەت.
ئەگەر كەلسەڭ يەنە بىر قېتىم،
بېغىڭغا سۇ قويۇپ گۈللەر تىكەتتىم.
ئاشىقلاردەك ساڭا چىرمىشىۋېلىپ،
ئىشقىڭدا كۆيۈپ مەن ئۆلۈپ كېتەتتىم!

## ئويغۇتىۋېتىڭلار مېنى ئانا

ئويغۇتىۋېتىڭلار مېنى ئۇيقۇمدىن قامچىلاپ،
چىقسىمۇ كۆز يېشىم مېنىڭ تامچىلاپ.

دىۋىدەك كەتتىممەن ئۇخلاپ بەك ئۇزاق،
سۇفلىۋەتتىمۇ يا شەيتان قورۇپ تۇزاق.

كىم ماڭا بەرگەندۇ ئۇيقۇ دورىسى؟
تۇرامدىغاندۇ ئەللەيلەپ ئىبلىس جورىسى.

قالدىممەن بولۇپ هازىر يېرىم جان - ئۆلۈك،
سەزمىدىممەن قالسىمۇ هېچقانچە مۈلۈك.

ئۇيقۇدا كۆرگەن چۈشۈممۇ بەك مۇدهىش،
گىلىمنى بۇزماقتا قىسىق كۆز دەرۋىش.

چۈشۈمدىكى بۇ دەهشەتتىن كەتتىممەن چۆچۈپ،
تووۋلىساممۇ قالدى يەنە ئاۋازىم ئۆچۈپ.

شۇ ئەسنادا سىيلىدى ئانام بېشىمنى،

دېدى شۇنداق ئېيتىۋېتىپ كۆز-يېشىمنى.:

نېمە بولدى بالام تەرلەپسەن ئەجەب،
ئۇخلىۋالغىن يېنىڭدا مەن قوياي پەپلەپ..

قىلدىم خىتاب ئانامغا شۇندا تەلمۈرۈپ،
سالغىن كاچات يۈزۈمگە راسا كەلتۈرۈپ..

ئويغۇتىۋەت ئەمدى مېنى چېكەمگە قاتتىق نوقۇپ،
كەتمىسۇن قاغا-قۇزغۇن ئەمدى كۆزۈمنى چوقۇپ...

## چۈشۈمگە سوئال

كېچىدە غارايىپ چۈش كۆرگەن ئىدىم،
چىققان ئىكەن ماڭا ئىككى تال قانات.
كۆكتە لەرزان ئۇچماقتا ئىدىم،
كىچىككىنە بولۇپ قالدى كائىنات!
سامادا ئۆزۈم يالغۇز ئەمەس ئىدىم،
سانسىز پەرىشتىلەر ئۇچتى ماڭا ئەگىشىپ،
بىرىنچى قات ئاسمانغا يەتكەندە،
توسۇۋالدى پەرىشتىلەر ماڭا يېتىشىپ،
پەرىشتىلەر ۋەزىرى ماڭا يېقىن كېلىپ:
ئەي يىگىت، ئەمدى توختا، بەس!
ئېيت دەردىڭنى دېدى سۈرەن سېلىپ،
مەن دېدىم ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ:
يات ئەلدە بولۇپ قالدىم بىر مۇساپىر،
يەكلىدى شاملى يۈزۈمگە قاتتىق ئۇرۇپ.
بۇ مۇساپىرچىلىقتىن جېنىم جاق تويدى.
يۇرتۇمنى ياتلار كېلىپ بېسىۋالغاچ،
ئىسيان قىلسام تېرەمنى تەتۈر سويدى،
بۇ ئەرزىمنى ئېيتماقچىمەن رەببىمگە.
ياكى سەن يەتكۈزگىن ئۇنىڭغا،

كېتىۋالاي يۇرتۇمغا كەتمەستە قەبرەمگە.
ئۇ دېدى: مەن يەتكۈزەي ئەرزىڭنى لېكىن،
قايتىپ كەتكىن كەلگەن يېرىڭگە، ھەمدە
سەۋر قىلىپ جاۋابىمىزنى كۈتكىن!
ئۇيقۇم تۈگەپ ئويغىنىپ كەتتىم،
قويدۇم چۈشۈمگە شۇئان سوئال.
قېنى مەن قىلغان ئەرزىمنىڭ جاۋابى؟
تېپىپ بەرگىن ئۇنى قىلماي ئۇۋال!

## چۈش!

ئەي چۈش!
سەن نېمانداق غەلىتە.
ھەر كۈنى سەن ئۇيقۇمدا مەن بىلەن،
ئاۋارە قىلىسەن كاللامنى چىرماپ،
كۆرسىتىسەن مەنزىرىلەر تۈرلۈك-تۈمەن.
ئەمما بىر قېتىم كۆرسەتمىدىڭ ئەسلىمنى،
بەك تولا جىن-شەيتاننى كۆرىمەن.
ئەگەر سوۋغا قىلغان بولساڭ ۋەسلىمنى،
مىڭ رەھمەت دېمەسمىدىم ساڭا،
يەتكۈزگەن بولساڭ باھار پەسلىمنى!

## تۇتقۇنغا خىتاب!

ئەي تۇتقۇندىكى قېرىنداشىم قانداق ئەھۋالىڭ؟
سەندىن بىر ئەھۋال سورىيالمىدىم!
يوقۇتۇپ شۇم خىتاي-زالىملارنى،
سادىر بوۋىمىزنى ھە دورىيالمىدىم!

ئەي تۇتقۇندىكى قېرىنداشىم!
مەن ئۆزۈم يىراقتا بولساممۇ بىلىۋاتىمەن!
زالىملار سېنى تۇتۇپ، زىندانلارغا سولاپ قويىدى.
پۇت-قولۇڭ كىشەنلەنگەن، زەنجىر بوينۇڭدا،
ئۇرۇپ-قىيناپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆزۈڭنى ئويىدى.

ئەي تۇتقۇندىكى قېرىنداشىم!
قىينىلىسىمۇ سەن ئۆلمىدىڭ، ھەم ئۆلتۈرەلمەيدۇ!
ئەمما، سەن تارتقان بۇ زۇلۇمنى تاغمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ!
دۇنيا سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلمەيدۇ چۈنكى،
قاراڭغۇ زىندانغا سولاندىڭ، نۇر چۈشمىدى يۈزۈڭگە،
دەردىڭنى ئېيتساڭمۇ، بەزىلەر ئىشەنمەيدۇ سۆزۈڭگە.

بىلىمەن ئەي قېرىنداشىم!

پۇشايمان قىلىسەن بەلكى، شۇنداق دەپ:
نېمىشقا ئۇيغۇر بولۇپ قالغاندىمەن، دۇنيا ماڭا تار؟
ئۆتىدۇ كۈنلىرىم ھەر كۈنى تاياق-توقماق ۋە زارلىقتا،
نېمە سەۋەبتىن بولىمەن ياتلارغا شۇنچە ئېغىر خار؟

بىلەمسەن ئەي قېرىندىشىم؟
سېنىڭ بۇ تۇتقۇنلۇق بىكارغا كەتمەيدۇ!
سەۋر-تاقەت ئاتا قىلىپ ساڭا ئاللاھ،
كۈچۈڭگە كۈچ قوشۇپ ئىمجان ئەتمەيدۇ!

ھەممە ئىشتا بىر ھېكمەت بار.
بوش تۇرماي سەن تۇتقۇندا خىيال بىلەن،
تېپىپ چىقسەن تۇتقۇنلۇقۇڭ سەۋەبىنى،
ۋاراقلاپ تارىخ بېتىنى قايتىدىن،
ئۇقۇۋالىسەن ئەجدادىڭنىڭ نەسەبىنى!

بۇ ساڭا شۇنداق بىر پۇرسەتكەنكى،
تۇتقۇنلۇقتا بوش تۇرماي زىكرى ئېيتىپ،
ئاللاھنىڭ مۇھىم سىنىقىدىن ئۆتۈۋالىسەن!
ئىمان ۋە ئېتىقادىڭ تېخىمۇ بەك ئېشىپ،
گۈزەل بىر كېلەچەكنى كۈتۈۋالىسەن!

ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى كېلەر بىر كۈن!
زالىملار بولىدۇ يەر بىلەن يەكسان،
چېقىلار پۇتۇڭدىكى زەنجىر-كىشەنلەر ،
قۇرىمىز بەختىيار، ئازاد تۈركىستان!

# ـ مەدهیە ۋە تەنقد ـ

# كۆك مايكىلىق قىز ناخشىسى

*(5 - ئىيۇل ۋەقەسىدىكى كۆك مايكىلىق قىزغا بېغىشلايمەن)*

كۆك مايكىلىق قىز، كۆكبۆرە قىزى!
چۈشكەنمۇ روھىڭ كۆكتىن نۇر پېتى.
ئېتىلدىڭ ياۋغا خۇددى بۆرىدەك
ئەمگەنمۇ ياكى سەن كۆكبۆرە سۈتى!

كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى!
نەدىن كەلگەن ساڭا شۇ جەسۇر يۈرەك؟
دۈشمەن يۈزىگە مۇشتۇڭنى ئېتىپ،
نۇرزۇگۇم روھىنى ئەيلىدىڭ كۆرەك!

كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى!
نامايىش سېپىگە سەنمۇ قېتىلدىڭ،
ئانىلارغا سەن مەدەتلەر بېرىپ،
جاللاتلار سېپىگە ئوقتەك ئېتىلدىڭ!

كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى،!
كىيىمىڭ كۆك، لېكىن يۈرىكىڭ ئاپئاق.
مەزلۇملار يىغلىسا، سۈرىتتىڭ يېشىنى،
تەسەللى بەردىڭسەن بولۇپ كۆك ياپراق!

كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى،
نەدە سەن شۇ تاپتا، سېنى يوقاتتۇق؟
كەتتىڭمۇ ئۇچۇپ يا ھۆر-پەرى بولۇپ،
سېنى ئەسلەپ بىز ھەسرەتكە پاتتۇق...

نەقرات: كۆك مايكىلىق قىز، كۆك بۆرە قىزى،
سەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرلىك قىزى

## مەرسىيە

*(ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمغا)*

ئالىم ئىدىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئەسىردە چىققان،
سەرخىل ئىدىڭ ئىلىمدە زەپەرلەر قۇچقان،
ۋارىس ئىدىڭ ئاتاڭنىڭ ئىزىنى باسقان،
يۇلتۇز ئىدىڭ ئىلىمنىڭ نۇرىنى چاچقان.

ئىگەللىدىڭ دىنىنى پۈتۈن ئاللاھ يولىدا،
تونۇلغانتىڭ ئالىم بولۇپ خەلقئارادا،
بولمىدىڭ سەن قىلچىلىك شۆھرەت-تامادا،
كەمتەر بولدۇڭ ئۇچقاندىمۇ ئىلمى-سامادا.

قۇرئان كەرىم ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلدىڭ
بىلىپ قالماي ھەتتا ئۇنى تەرجىمە قىلدىڭ
ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلىپ، راستنى دېدىڭ،
تەرلەر تۆكۈپ مۇشەققەتتە ھالاللاپ يېدىڭ

ئىلمىڭنى يېتىپ كەتمەي ئەلگە تاراتتىڭ،
يېزىپ كىتاب - ئەششارلارنى ئىجاد ياراتتىڭ،

تەربىيەلەشكە ئەۋلادلارنى كۈچنى قاراتتىڭ،
ئەل-جامائەت خىزمىتىدە كېتىپ باراتتىڭ.

ياۋۇز دۈشمەن ئاخىر سېنىڭ يولۇڭنى كەستى،
ئىلىم ئەھلى - ئالىملارغا زۇلۇملار ئەستى،
قارا چاپلاپ سەن ئۇستازنى تۇتۇپمۇ كەتتى،
يوقۇتۇشتەك سەركىلەرنى مەقسىتىگە يەتتى.

ئەي ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ سەندىن ئايرىلدۇق،
كەتتىڭ ئۇچۇپ ئارىمىزدىن ھەسرەتتە قالدۇق،
قەلبىمىزدە قالدى روھىڭ ئۆرنەكلەر ئالدۇق،
بولغاي جەننەت ياتقان يېرىڭ دۇئالار قىلدۇق.

# تەنقىد

تەنقىدنى خوش كۆرۈش ئاقىللىنىڭ ئىشى،
تەنقىدنى يات كۆرۈش نادانىنىڭ ئىشى.
تەنقىد ئۆلچەيدۇ توغرا-خاتانى،
تەنقىدتىن قېچىش كىبىرنىڭ ئىشى.

تەنقىدلەر چۈشكەندە قويدۇڭسەن سوئال،
قىلدىڭمۇ بىرەر ئىش سەن مەندىن ئاۋۋال؟
ماختاندىڭ قىلدىم دەپ قالتىس ئىشلارنى،
سەنمۇ قىل، مەن ئۈچۈن بولمىغىن مالال!

تەنقىدكە كۆنمەيسەن ھېچقاچان ئەسلا،
دەيسەن سەن ھەممىنى توغرا قىلدىملا.
ھەقىقەت ئىستەيدۇ راستلىقنى پەقەت،
قىلمىشىڭ ئۆلچىنەر ھەق ئالدىدىلا.

تەنقىد ئەمەستۇر غەيۋەت-شىكايەت،
بولار ئۇ تارازا ئەمەل-تۆھپىگە پەقەت.
سەن قاچساڭ گەر ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ،
قالىسەن ئاخىرىدا نەپرەتكە ئەبەد!

# ئەردوغان

ئەي بۈيۈك رەھبەر تايىپ ئەردوغان،
ئەجدادلار يۇرتىغا تۇنجى بوپ بارغان.
بولغىيدى بەلكى قەلبىڭدە شۇ ھېس،
قېرىنداش سەن بىلەن مەن دەيدىغان!

ئەي بۈيۈك رەھبەر تايىپ ئەردوغان!
سەن ئۇچۇپ ماڭغاندا ئۈرۈمچى تامام
كەلگەندۇر ئېسىڭگە بەلكى قايتىدىن
5 - ئىيۇلدا-ئۈرۈمچى قارايغان تۇمان.

ئەي بۈيۈك رەھبەر تايىپ ئەردوغان،
سەن بولغان ئۇيغۇرغا ئىگە - باشپاناھ.
قىرغىنىدا قالغاندا مەزلۇم تۇققىنىڭ،
دېگەنتىڭ: قىرغىنلىق بەك ئېغىر گۇناھ

ئەي بۈيۈك رەھبەر تايىپ ئەردوغان،
خىتايلار سۆزۈڭدىن چۆچۈدى قەۋەت.
ئەۋەتىپ ئالدىڭغا ۋەكىل-ئۆمەكلەر،
تىلىڭنى سۈكۈتكە ئەيلىدى دەۋەت.

ئەي بۈيۈك رەهبەر تاييپ ئەردوغان،
بۇ قېتم كېلپسەن ئەجداد يېرىگە،
كۆرمدىڭ قان ئىزى، ئۆلگەن جەسەتنى ،
ئورۇنۇۋالغان ئىدى ياۋ تۈلكە تېرىسگە.

ئەي بۈيۈك رەهبەر تاييپ ئەردوغان،
قۇرۇپسەن سۆهبەت قاتىللار بىلەن
ئالدانما رەقىپىڭ يالغان لەۋزىگە،
مەڭگۈتاش نەسھەت قىلغانتى ئەينەن:

خىتايلار ياۋاش ئۆزى، سۆزى تاتلىقتۇر
يىپەك-مەشۇتلارنى سوغا قىلىدۇ،
كۆپ تۈركلەر خىتايلارغا ئالدانىدۇق
قوينىدا بار نەشتىرى يۈرەك تىلىدۇ.

# نوچىلارغا تەنبىھ

ئاتىۋالدىڭ ئۆزۈڭنى سەن ئېسىلجان،
ئاتىۋالدىڭ يەنە بىرىڭ خوجا-خان
قالتىس دەيسەن ھەقىقەتەن ئۆزۈڭنى،
بولمىدىڭ ئۆملۈك ئۈچۈن يانمۇ-يان

قويۇۋالدىڭ تەخەللۇسمۇ تەك-تېكىن،
ئاتىۋالدىڭ ھەتتا يەنە بەگ-بېكىن،
كۆرمىدىڭمۇ مىللەت ھېچبىر تۆھپەڭنى،
ئىشىڭ چاغلىق، نەتىجەڭمۇ ئاز لېكىن

قىلىۋالدىڭ بىرىنى ئاكا ئۆزۈڭگە،
قىلىۋالدىڭ بىرىنى ئاتقا ئۈزەڭگە،
كۆرۈنمىدى ھەممە ئوخشاش كۆزۈڭگە،
تېگەر تەستەك ھامان بىر كۈن يۈزۈڭگە

بىرىڭ دېدىڭ زىيالىيمەن بەك داڭلىق،
بىرىڭ دېدىڭ ئەمەلدارمەن بەك ئاڭلىق،
كۆرمىدۇققۇ سەندە ھېچ جان پىدالىق،
ئەسقاتمايدۇ ئاتاق-مەنسەپ تايىنلىق

بىلىپ قالغىن تۆھپە مۇھىم ھەممىدىن،
ئەسقاتمايدۇ قۇرۇق-شۆھرەت ئەمدىدىن
تاپمىساڭسەن ئەگەر ئەقلى - ھوشۇڭنى ،
قالىسەن جىق نەپرەتلەرگە ئەبەدتىن!

# دېدىڭ

(ساتىرا)

داداڭنى خورلىغانغا بېرىپ سەن ياشنا دېدىڭ،
ئاناڭنى زورلىغانغا بېرىپ، مەن ئاشنا دېدىڭ.
قېنى غۇرۇر، قېنى ۋىجدان، قالدىمۇ سەندە ئىمان؟
مەنلا بولسام بولدىغۇ، يېمىسەم پەشۋا دېدىڭ!

تارىخقا ھېچ باقماستىن، ئىزىمىزنى ئار دېدىڭ،
ئۆزۈڭ كۆرەش قىلماي، ھەممىدىن مەن زار دېدىڭ.
بىلمىدىڭكى، شۇ ۋەجىدىن بىز قۇللارغا ئايلاندۇق،
مۇشەققەتتە ياشاپ تۇرۇپ، بەخت ماڭا يار دېدىڭ!

ياشاپ ئىشرەت-كەيپلەردە دۇنيا ماڭاجان دېدىڭ،
پۇل تاپسام ملا كېلەر ئامەت، بايلىق ماڭا يان دېدىڭ.
بىلمىدىڭ ئەدەپ-ئەخلاق، ئىنسانلىق قىممىتىنى،
دۇنيا بىزنىڭ،ياشا يايراپ، ئاخىرەتتىن تان دېدىڭ.

ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ سەن، ياۋلارغا خوش دېدىڭ،
ئايرىمىدىڭ ھالال-ھارام، نە يامانغا پوش دېدىڭ.
ۋەتەن-مىللەت تەقدىرىنى ئويلىمىدىڭ زادىلا،
ساتقۇنلۇقنى تاللاپ، ئەلنى بىر لوق گۆش دېدىڭ.

كەلسە سوراق-سوئاللار، مەن ھەممىدىن ئاق دېدىڭ،
قىلمىشىڭنى تەن ئالماستىن، نەسىھەتكە ياق دېدىڭ.
ئويلىمىدىڭ ئاخىرەتتە ھېساب-كىتاب بېرىشنى،
تووۋا قىلىپ ئۆلگۈرەلمەي ، ئاھلىرىمغا باق دېدىڭ.

## بىر ئۇيغۇرغا

ئەي قېرىنداش ئىدىڭغۇ سەنمۇ بىر ئۇيغۇر،
نېمە ئۈچۈن ساتتىڭ مېنى؟ مەنمۇ بىر ئۇيغۇر.

ئوغۇزخاقانىنىڭ ئەۋلادىدۇق تاشتەك ئۇيۇشقان،
نېمە بولدۇق غاجىلىشىپ، تۇرماي بوغۇشقان.

ئەلمىساقتىن باتۇر ئىدۇق، تىترەيتتى رەقىب،
ئايلاندۇققۇ قورقۇنچاققا، دۈشمەنگە بېقىپ.

ئىجاد قىلغان قەغەز، كومپاس، تۆت كەشپىياتنى،
پاتتۇق ھازىر جاھالەتكە، دوست تۇتۇپ ياتنى.

يازغان ئىدى مەخمۇت، يۈسۈپ شانلىق داستانلار،
بىزلەر يازدۇق شوئار-غەيۋەت، پىتنە-پاساتلار.

بېرىلدۇق بىز ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى-ساپاغا،
ئوقۇمىغاچ تۈزۈككىنە قالدۇق يەنە جاپاغا.

بولالمىدۇق چۈمۈلىدەك، تۆھمەت ئارتىشتۇق،

ئۇنى تاز دەپ، بۇنى ماز دەپ ھامان تارتىشتۇق.

دۈشمەن ئالدى غەنىيمەتنى جەڭگى-جېدەلدىن،

قىلدى ۋەيران، قىردى-چاپتى، ئايرىلدۇق ئەلدىن.

ئات ئايلىنىپ تاپىدىغۇ ئۆز ئوقۇرىنى،

قاچان تاپار جان ئۇيغۇرۇم خانلىق ئورنىنى

كەلدى پۇرسەت، كەلدى دەۋر كۈرەشنىڭ مانا،

ئۇيۇل تاشتەك بولايلى بىز چېچىلماي يانا!

## مەسلە تۈگىمەيدۇ

*(ئاتالمىش ك.پ شىنجاڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۇئەننىڭ «شىنجاڭدا مەسلە تۈگىمەيدۇ» دېگەن سۆزىگە رەددىيە)*

دەيتۇ ۋاڭ: «شىنجاڭدا مەسلە تۈگىمەيدۇ»
بىلمەمدىكىن بۇيەردە يوقلىقىنى مەسلە.
تىنچ ئىدى ئەزەلدىن بىزنىڭ تۈركىستان،
خەلق بەختلىك،خۇشال ياشايتتى
قاچان باسقۇنچىلار كەلدى بۇ ئەلگە،
بولمىدى تىنچلىق بۇ يەرگە ۋەسلە.
ئۇيغۇر-تۈركى خەلقلىرى دۆلەت قۇرغانتى،
ئەلمىساقتىن ئەركىن بولۇپ، ئارام تاپقانتى.
قاچان كەلدى «جاڭ»، «ۋاڭ»لار
بۇ يۇرتتا تىنچلىق بۇزۇلدى،
بۇلاپ-تالاپ، ئۇرۇپ-چاپتى،
خەلقى ھەر يان قوغلاپ سۈرۈلدى.
بىرى دېدى ۋاڭمەن،
بىرى دۇبەن،
بىرى دېدى جاڭمەن،
بىرى لاۋبەن،

ئارقىدىن كەلدى كوممۇنىست تۈلكە.
ئېلىپ گۈرجەك قولىغا سۈپۈرگە.
ھەممىڭ قىلىشاتتىڭ چىرايلىق سۆزلەر.
ساقلايتتىڭ ئەمما قويىنىڭدا پىچاق-بەكە،
شۇ سەۋەبتىن قانغا بويالغان بۇ ئۆلكە.

كوممۇنىستلار ھەممىدىن بەك زۇلۇم سالدى،
خەپ!
تارتىپ ئالدى ھەممىنى خەلقتىن،
كوممۇنانى دەپ.
داشقازاندا ئۇماچ بېرىپ، بۇغداينى ئۆزى يەپ،
دۇچار قىلدى ھەر خىل كېسەللەرگە،
ئاچلىقتىن ئۆلتۈردى كۆپلەپ.
كوممۇنىستلار باندىت ئۆزى،
خەلقنى قىردى بىر-بىرلەپ،
«سىنىپ كۈرىشى» نى كەڭ يۈرگۈزدى،
« مىللەتچى» قالپاقنى كۆپ كىيگۈزدى.
«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تە تۈگەتتى
ھەممىنى ئۈتلەپ!

ئۆلۈپ «ماۋ» جاللات، «خۇئاسى» كەلدى،
نېمە بولدى؟
ئىشىكىنى ئاچتى تاشقىرىغا،
ئەمما ئۇيغۇرغا تاقاق سەپلەپ.

تاپتى خىتايلار پۇل-ئىقتىساد،
تاپمىدى ئۇيغۇر ھېچنېمە،
بىكارغا دېھقان ھاشار چاپتى.

جىنىنى باقاتتى ئاران ئەپلەپ.

«دىڭى» كەلدى، «جىڭى» كەلدى،
ئارقىدىن «خۇ»سىمۇ كەلدى.
چىقاردى تۆرلۈك سىياسەت،
ئەمما ئۇيغۇرنى ئالدايتتى ،
تەگمىدى ئۇيغۇرغا ھوقۇق،
سېكرېتارى ھەممىنى سايلايتتى .
قۇراتتى تۇزاقنى كۆپ،
ئۇيغۇرنى ئۇلجا دەپ سانايتتى .
دېدى «مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەممىنى قوزغاتتى! ».
بېرىپ «يۈز كۈنلۈك زەربە» ھەممىنى زەر قاقشاتتى.
بار ئىدى ئۇيغۇرنىڭ قېنىدا ئوغۇزخاقانىنىڭ جەسۇر روھى،
باش ئەگمىدى ھېچ بىر ئۇيغۇر،
كۈرەشنى ھېچ توختاتمىدى،
چىقتى بارىندا ئىسيان، خوتەن، ئاقسۇ-توقسۇدا.
چىقتى ئارقىدىن غۇلجىدا،
دۈشمەننى بەكمۇ قورقاتتى.
توختىمىدى ئۇيغۇر ھېچ،
يىل، ئاي، كۈندە قوزغالدى.
دۈشمەنلەرمۇ يەپ زەربە،
قارا يىلاندەك تولغاندى.
كەينىدىن يەنە جۇۋا ئۈرۈپ زاكون تاياقنى ئوينايتتى.
بۇنىڭ بىلەن تۇرار جىم دەپ چوتىنى خاتا سوقاتتى،
تىنجىتالماي ئۇيغۇرنى «تېررورچىلار» دەپ ۋايسايتتى .
ئاقمىسا بۇ سۆزى ھەق دۇنيادا بىر تىيىنغا،
«شىنجاڭدا مەسىلە تۈگىمەيدۇ» دەپ كەتتى.
بۇ يەردە بىر مەسىلىنىڭ بارلىقىدىن دات ئەتتى.

ئەمما بۇنىڭ ھەق-ھوقۇق مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى،
شۇ كەمگىچە ھېچ تونۇپ يەتمىدى.
ئۆزىمۇ ھەم بۇ يەردىن كەتمىدى.
ھەققىي مەسىلىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى،
كۆز ئېچىپ ئېتىراپمۇ ئەتمىدى،
ھامىنى ئېتىراپ قىلار، غەلىبە ئۇيغۇرغا باققاندا،
بۇنىڭغا ئەقلى تېخى يەتمىدى.

# تىبەتلەرگە ئاپىرىن

*( 2008-يىلى 3- ئايدىكى تىبەتلەرنىڭ ئولىمپىكقا قارشى قوزغىلىشىغا مەدھىيە)*

تىبەتكە تاشقىرىدا كەڭ دۇنيا يولداش،
تىبەتتە، تىبەتلەر بىر-بىرىگە قولداش.

تىبەتلەر تۆكتىيۇ زۇلۇمدىن كۆز-ياش،
ئەمما ئۇلار ئەگمىدى زۇلۇمغا ھېچ باش.

مارت ئېيى قەدەم بېسىپ باھارمۇ كەلدى،
تىبەتلەر قوزغىلىش ۋە كۈرەشكە تەلدى.

قوزغالدى تىبەتلەر ئەركىنلىك ئۈچۈن،
نامايىش دەپ كوچىلارغا تۆكۈلدى بۈگۈن.

تەلەپ قىلدى خىتايدىن ئەركىنلىك پەقەت،
ئەمما خىتاي كۆرسەتمىدى بۇنىڭغا ھۆرمەت.

نامايىشچى تىبەتلەردە يوقتى بىر كالتەك،
تووۋلىغانتى پەقەت شوئار ھەممىسى بىردەك.

تەبىئىتى ئىكەن ياۋىنىڭ چىشلەش ۋە تالاش،
ئاجىزلارنى تۇتۇپ-سولاپ، ئۇرۇپ ۋە قاماش.

كەلدى خىتاي ئەسكەر تارتىپ، ھەيۋىلەر بىلەن،
قورشىۋالدى تىبەتلەرنى ھەر تەرەپ دۈشمەن.

قوغلاپ سۈردى كالتەك بىلەن،
تۇتۇپ سالدى كويزا كىشەن.

ئاتتى ئەسكەر گاز بومبىسى، كەلدى ئېتىلىپ،
تۇتۇشتى ئەسكەر-خەلق بىر-بىرىگە چېتىلىپ.

ھايال ئۆتمەي دۈشمەنلەر يەنە كۆپەيدى،
تىبەتلەردە يوقتى چارە، پەقەت ھۆرپەيدى.

ئۆلدى يۈزلەپ گۇناھسىزلار دۈشمەن ئوقىدا،
كۆيدى ئەتراپ، قالدى پۇقرا جان قايغۇسىدا.

ئېتىش-تۇتۇش داۋام قىلدى خېلى بىر زامان،
قىرغىن-تۇتقۇن ئېتىشلارغا گۇۋاھتۇر ھەريان

بۇ نامايىش توختىتىلدى قىرغىندىن كېيىن،
ئەمما روھى تىبەتلەرنىڭ ئۇرغۇدى ئاندىن.

كېچەيدى بۇ نامايىش تەرەپ-تەرەپكە،

باشقا شەھەر ياقا يۇرتمۇ قىتىلدى سەپكە.

دۈشمەن ئىدى ئاۋۋالقىدەك قاتتىق رەھىمسىز،
يەنە قىردى، يەنە تۇتتى، يۈز مىڭلاپ ئىزسىز.

قانخور خىتاي بۇنىڭ بىلەن قالمىدى توختاپ،
كەڭ خەلققە بېسىم بىلەن سالدى كۆپ ئازاب.

توقۇپ چىقىپ يەنە تۆھمەت تىبەتكە تاڭدى،
توقۇپ يالغان دېدى: دالاي لاما قوزغاتقان زادى.

دېدى، جۇڭگو ئۆتكۈزىدۇ ئولىمپىك ھەيۋەت،
بۆلگۈنچىلىك بۇ ئويۇنغا قىلماقتا سۇيىقەست.

شۇم نىيىتى خىتايلارنىڭ قوزغاتتى نەپرەت،
چەتەلدىمۇ تىبەتلەر قوزغالدى رەت-رەت.

قىتئە-دۆلەت، شەھەرلەردە بولدى نامايىش،
تىبەتتىكى زور قىرغىن ئېپ كەلدى تەشۋىش.

خىتايلاردا ئىنسان ھەققى تايىنلىق بولمىسا؟
ئۇندا خەلق ئەركىن نەپەس ئېلىپ باقمىسا؟

لايىقمىتى خىتايلار ئولىمپىكنى ئېلىشقا؟
مەتبۇئاتلار ئۆتتى بەس-مۇنازىرە قىلىشقا.

ئەيىبلەندى خىتايلارنىڭ بۇ ياۋۇز قىلمىشى،
تىبەتلەرگە ئىگە چىقتى ناھايىتى كۆپ كىشى.

ئولىمپىككە خىتايلار لايىق ئەمەستى،
غەپلەت باستى دۇنيانى، ھەقنى نەس باستى.

ئەمما دۇنيا بىرلىكلىرى، ھەقسىزلىقنى تونۇدى،
نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر ئولىمپىكتىن سوۋۇدى .

ئولىمپىكتى ئەسلىدە مەدەنىيەتلەر سىمۋولى،
ئۇنىڭ بىلەن بولاتتى دۈشمەنلىكمۇ ھەم خالى.

ھېيلىگەر كوممۇنىستلار ئالداپ كەتتى دۇنيانى،
كۆپ ۋەدىلەر بەرگەنتى تۈزىتىشكە تۈم ناھەقنى.

لېكىن خىتاي ۋەدىسىدە تۇرمىدى، ھەم زورلۇقنى -
توختاتمىدى زۇلۇمنى، داۋام قىلدى خورلۇقنى.

بىشى قايغان دۇنيامۇ بەك تەمتىرەپ قالدى.
ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش ئىپتىمال ئالدى.

ئولىمپىكنى تارتىپ ئالسا خىتايدىن قەتئىي،
مەزلۇملارنىڭ ئاھۇ-زارى ھەقتائالاغا يېتەتتى.

تىبەت، ئۇيغۇر بىرلىشەيلى، كېلەر ھۆر زامان،
ئۆتكۈزەرمىز دۆلەت قۇرۇپ ئولىمپىك ھامان.

# روپاشخان-ئىپارخان

*(خوتەن روپاش ئاياللىرىنىڭ خوتەندە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نامايىش قىلغىنىغا ھەدىيە)*

رومال ئارتىپ ئۇيغۇر قىزى يۈزىنى ياپتى،
توسۇپ چېھرىنى ھارامدىن، ئىززىتىن تاپتى.

ئۇيغۇر قىزى روپاش قىز- يۈزى تۆۋەن قىز،
ئېلىپ ئىپار روھىنى باستى ئەجداد ئىز.

يۈزى يېپىق روپاش قىز شەرىپى ئاردۇر،
ئىپپىتىدىن ئوزۇق ئالغان جۈرئىتى باردۇر.

خىتاي قاتتىق يامان كۆرەر، پەرز- سۈننەتنى،
يوقاتماقنى ئىستەيدۇ ئۇ ئۆرپ-ئادەتنى.

جاھان بىرئاز تىنجىسا ئەسلى گۇماندار،
بىر باھانە چىقىرىپ، ئۇيغۇرنى تۇتار.

باي بولۇشمۇ گۇناھتۇر ئۇيغۇرغا يەنە،

تەھدىت سانار بايلارنى خىتاي ئۆزىگە.

چىقتى باي بوپ خوتەندىن مۇتەللىپ ھاجى،
ياردەم قىلىپ يېتىم تۇلغا كىيدى ئەل-تاجى.

نىشان قىلدى خىتايلار، ھاجىمنى بۇ رەت،
تۇتتى ئۇنى تۆھمەت قىلىپ، ئارتتى جىنايەت.

سوئال سوراق قىيناشلاردا ھاجىم خارلاندى،
كېسەل بولۇپ شۇ تۈرمىدە جېنى داغلاندى.

بۇ شۇم خەۋەر تارقاپ ئەلگە، ۋەھىمە بولدى،
يېتىم-يېسىر، قىز-خانىملار دەردلەرگە تولدى.

روپاشخانلار چەكلەندى ھازا ئېچىشتىن،
باش پاناھى، ئەل ئوغلىغا دۇئا ئوقۇشتىن.

روپاشخانغا ئېغىر كەلدى بۇ ناھەقچىلىق،
چىقتى ئۇلار نامايىشقا يۈزى يېپىقلىق.

غەزەپ بىلەن توۋلاشتىلەر ھەق - ئادالەت دەپ،
پەرز-ئادەت ھوقۇقىمىز چەكلەنمىسۇن ھەپ.

خىتاي زالىم ھەق تەلەپكە قۇلاق سالمىدى،
مەزلۇملارنىڭ دەرد ھالىنى تىڭشاپ باقمىدى.

دەرھال كىيدى تۆمۈر پەلەي زەھەر قولىغا،
سالماق ئۈچۈن روپاشخانىنىڭ يۈرەك باغرىغا.

باستۇرۇشقا ئەسكەر كەلدى كوچا ۋە يولغا،
روپاشخانلار بولغانتى دۈشمەنگە ئولجا.

تەگلىگەندە مىلتىق ئەسكەر چۆچۈپ باقمىدى،
كۆكرەك كېرىپ ماگدى دادىل، قورقۇپ قاچمىدى.

ساقچى قاۋان قولىدا ماكانى زىندان.
جەمئىي بولۇپ تۇتۇلدى ئالتە يۈز قىز-خان.

سوئال-سوراق، ئۇرۇش، قىيناش تۆكسمۇ ياشنى،
روپاشخانلار ئەگمىدىكى جازاغا باشنى.

يوقتى ئەسلا ياردەمچىسى ئاللاھتىن بۆلەك،
قىلدى ئۇلار بىر ئاللاھقا مۇناجات -تىلەك.

ئىپارخاندەك ھەممىسلا قورقماس ئىدى.
«بىر ئاللاھلا بىزلەرگە كۇپايە» دېدى.

ئەي! ئىلاھىم سەندىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوق،
مەزلۇم ئەلگە، تۇل-يېتىمگە پاسىبان ھېچ يوق.

كۈتىمىز بىز شەپقەتنى سېنىڭدىن پەقەت،
بۈيۈكدۇرسەن، تەگداشسىز سەن ئەبەدىل ئەبەد.

ئى ئىلاھىم قۇتقۇزغىن سەن بىز ئاجىزلارنى،
بەرگىن بىزگە قېرىنداشلىق، ئۆم-ئىناقلىقنى.

ئاتا قىلغىن ئۇلۇغ خىسلەت ئىپارخان كەبى،
ساقلاپ خەنجەر يېنىمىزدا قوغلايلى ياۋنى.

ئى ئىلاھىم بەرسەڭچۇ بىزگە كۈچ-قۇۋۋەت،
كۆرەش قىلىپ، تىز پۈكمەي يوقاتساق زۇلمەت.

زالىملارنىڭ زۇلۇمى يەتتى سۆڭەككە،
زارىقماقتا مىللىتىم ھۆرلۈك- ئەركىكە.

ئى ئىلاھىم ئاتا قىلغىن بىزگە بىر نىجات،
خىتاي زالىم، باسقۇنچىنى ئەيلىگىن بەربات.

بىز ئاجىزلار كۈتىمىز سەندىنلا رەھمەت،
قىلساڭ بىزنى ھۆر ئىنسان، بولسا يۇرت ئازاد.

2008-يىلى 12-ئاپرېل

## سىنى بوغار ئەل قەھرى

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
باغرىڭ تاشكەن نۇر بەكرى،
ئىسيان قىلسا خەلق تىنچ،
باستۇردۇڭ سەن جان جەھلى.

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
بىر قونچاقسەن نۇر بەكرى،
ئۇرۇپ-سوقسا خەلقىڭنى،
لام دېمىدىڭ سەن زەررى.

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
يۈزۈڭ قارا، كور بەكرى،
ئۆز خەلقىڭگە تۆھمەت قىلىپ،
ياتتىن ئالدىڭ سەن بەھرى.

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
قەلبى ئۆلگەن نۇر بەكرى،
ھەم دوست بولۇپ ياۋلارغا،
چىشلەپ چاققان سەن زەھرى.

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
قان يالىدىڭ نۇر بەكرى،

قىرغىن بولسا ئۆز خەلقىڭ،
خۇشال بولدۇڭ سەن دەھرىي .

نۇر بەكرى، ھەي نۇر بەكرى،
لەنەتلەرگە تول بەكرى،
بىر كۆن تۇتار قان-قىساس،
سىنى بوغار ئەل قەھرى.

# قورچاق ساقچىغا

مىللىتىڭگە زۇلۇم سېلىپ باسقان ساقچى،
ئۆز خەلقىنى تۇتۇپ، سولاپ، ئاسقان ساقچى،
دوپپا دېسە باشنى كېسىپ ساتقان ساقچى،
سوراقلاردا ۋەھشىيلىكتە تاشقان ساقچى،
زالىملىقتا جاللاتلاردىن ئاشقان ساقچى.

ئاق-قارىنى ھېچ بىلمىدىڭ ئادەم تۇرۇپ،
زار قاخشاتتىڭ مەزلۇملارنى قاتتىق ئۇرۇپ،
ئازنى قىلدىڭ كۆپەيتىپ جىق خامان سورۇپ،
ئارتتىڭ گۇناھ، گۇناھسىزغا تۆھپە قۇرۇپ،
مەككارلىقتا جىن-شەيتاننى باسقان ساقچى.

كېچە-كۈندۈز تىمىسقىلاپلا يۈرۈيسەن،
قۇلاق بولۇپ ئەل خەلقنى ھەم مارايسەن،
خىتايلارغا قارا تىزىملىكلەر يوللايسەن،
بىگۇناھنى چىشلەپ – تارتىپ جىم ياتمايسەن،
نومۇس قىلماس، پەسكەشلىكتە توشقان ساقچى.

ھە، دېسىلا «سىياسىي» دەپ سەن قارىلىدىڭ،
«ئۇ مىللەتچى، بۇ رادىكال»، دەپ زارلىدىڭ،
مەنسەپ ئېلىپ ئۆسۈش ئىدى ئېسى-يادىڭ،
قالمىدى ھېچ قىلمىغىنىڭ، قان يالىدىڭ،

ئۆز ئېلىگە خىيانەتكار ئاداشقان ساقچى.

سەۋەبىگدىن ناھەق كەتتى نۇرغۇن ياشلار،
زار قاقشىدى ئۇرۇق تۇغقان، يېتىم باللار،
يۇرت قاپلاندى ۋەھىمىگە، تويدى جانلار،
سەندىن بىزار قىز-چوكان ھەم قېرى چاللار،
مىللەت ئالار سەندىن ھېساب چاشقان ساقچى.

# خۇدا بىزگە بېرىدۇ

*(«ئوقۇسىڭىز بەش ۋاق ناماز كۈندە، خۇدا بەرمەس سىزگە گۆش گىردە»گە رەددىيە. بۇ بىر كۇپلېت شېئىر شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدا چوڭ خەتلىك شوئار قىلىپ تاملارغا چاپلانغان (ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى خەۋىرى)*

ئوقۇساق بەش ۋاق ناماز كۈندە،
خۇدا بېرىدۇ بىزگە گۆش گىردە.

خۇدا ئۇلۇغ مېھرىبان، بەكمۇ دانىشمەن،
ئەمەس ئۇ كاپىردەك، ئىنسانغا دۈشمەن.

خۇدا ئۇلۇغھ قۇدرەتلىك تەڭدىشى يوقتۇر،
كىم ئىش باشلىسا خۇدا دەپ قورسىقى توقتۇر.

خۇدا ئۇلۇغ- سېخىيدۇر رىزىقنى ياراتقان،
ئۇنى ھەممە ئىنسانغا ئوخشاش تاراتقان.

خۇدا ئۇلۇغ شەپقەتچى، بەكمۇ رەھىمدىل،
يېتەر ئاچنىڭ ھالىغا، بەندىگە ئېجىل.

خۇدا ئۇلۇغ كارامەت، كائىناتى كەڭ كەتكەن،
زامان قىلدى ئەزىز ـ خار، ياراتقاندا تەڭ ئەتكەن.

خۇدا ئۇلۇغ قۇتقۇزغۇچى ، بۈيۈك پاسىبان،
ساقلىغۇچى ئۇ بالادىن، ياشناتقان ئىنسان.

خۇدا ئېتەر نەپرەت يەنە، دۇچار قىلار قازاغا،
مۇناپىق ۋە مۇشرىكلارنى تارتار ئېغىر جازاغا.

خۇدا شۇنداق بەرگۈچى ھەمدە ئالغۇچى،
گۇناھكار ۋە زالىمنى ئوتقا سالغۇچى.

خۇدا ئۇلۇغ ئىجادچى ، ئىمكانى چەكسىز،
ئىنسان نىجات تاپىدۇ ئىشەنسە شەكسىز.

خۇدا شاھى ـ سۇلتاندۇر بارلىق جانلىققا،
كائىناتقا، چەكسىز ھايات جەمى بارلىققا.

# قىزلىرىمنى ئېلىپ كەتمە

*(خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرىگە توشۇپ، قۇل ئەمگىكىگە سالغانلىقىغا كىنايە)*

ھەي! خىتاي زالىملىرى مىللىتىمنى يەپ كەتمە،
قالمىدى سەندە ئىنساب، قىزلىرىمنى ئەپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى غۇبارسىز، پاك ئەقىدىلىك،
پاكلىقىنى نابۇت قىلىپ، بۇلغاپ كەتمە!

ئۇيغۇر قىزى نومۇسچان، يۈزى بەك تۆۋەن،
خەن قىزىدەك داپشاق دەپ چاغلاپ كەتمە!

ئۇيغۇر قىزى ئىپاردۇر، خۇش پۇراق تارار،
ئىپار بويىنى كىرلىتىپ داغلاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى تىرىشچان ھەر ئىشقا ماھىر،
قۇل ئىشىغا موھتاج دەپ ئويلاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى قولى گۈل، ئىشقا ئەپلىك،
توقۇر گىلەم ئۆز يۇرتىدا ئىپلىپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى-ئۇسۇل قىزى، گويا بىر پەرى،
جاڭ-دۇمباقا ئوينار دەپ، سىلىپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى پەرىزات، قەلبى بەك گۈزەل،
غۇرۇرنى بۇلغىما سەن، تىللاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى ئەل سۆيەر، ياۋنى خالىماس،
مەجبۇرلاپ ئۇنى سەن چىللاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى قەھرىمان-نۇزۇگۇم ئۆزى،
ئۇرار خەنجەر رەقىبىگە، زارلاپ كەتمە.

ئۇيغۇر قىزى ئەرك قىزى، قەپەزدە تۇرماس،
سىنىڭ شەھرىڭ قەپەس ئاڭا، ئالداپ كەتمە.

# سۈكۈت

ئەي دوستۇم قىلمىغىن ناھەقكە سۈكۈت،
جىق بالا كەلتۈردى بىز خەققە سۈكۈت.

ئاندىن مسالى ۋەتەن دېگىنىڭ،
تۇرمىغىن ئانىغا دەرد كەلسە سۈكۈت.

ھەدە ۋە سىڭلىمىز قۇل بوپ سېتىلدى،
قىلمىغىن زۇلۇملار گەر ئەزسە سۈكۈت.

ئەجدادلار روھىدىن ئالغىن سەن مەدەت،
قورۇما روھىنى گەر كەزسە سۈكۈت.

ئىزنى-ئىز ئۆچۈرمەس تارىختىن بۇيان،
ئىز سالغىن سەنمۇ ھەم بىر ھەسسە، سۈكۈت.

ئۇدۇم ئېلىپ بۇغدادىن ئالغانتۇق قىلىچ،
سەنمۇ ئال مىلتىق ھەم كۆمۈلسە سۈكۈت.

سادىرنىڭ روھىمۇ كۈتمەكتە ماراپ،
تېشىلار سېپىللار گەر بەرسە سۈكۈت.

شانۇ ۋە شەرەپلەر كېلەر كۆرەشتىن،
ئويغانغىن، يوقىلار كۆرەشسە سۆكۆت.

ئازادلىق تېگىمىز قالدى يېقىنلاپ،
ئاتلانغىن جەڭلەرگە يوق ئەتسە سۆكۆت.

## بىر ئۇيغۇر بار بىرلىندا!

بىر ئۇيغۇر بار بېرلىندا بىر ئۇيغۇر!
ئۆزى يالغۇز ئاھ! ۋەتىنىم دەيدىغان.
تېنىم تاپماستىن كېچە ۋە كۈندۈز،
مىللىتىم دەپ ھەمىشە غەم يەيدىغان.

بىر ئۇيغۇر بار بېرلىندا بىر ئۇيغۇر!
كۆك بايراقنى كۆتۈرۈپ كوچىدا يۈرگەن.
ئايىقى چاققان ئۇ ھېرىپ قالمايدۇ،
خىتايلارنى كۆرسە قاپاقنى تۈرگەن.

بىر ئۇيغۇر بار بېرلىندا بىر ئۇيغۇر!
چوڭ دۇكانلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان.
دەيتتى ئۇ كىشلەرگە ئالماڭ بۇ مالنى،
بىلەمسىز ئۇيغۇر دېگەن قۇللار توقۇغان.

بىر ئۇيغۇر بار بېرلىندا بىر ئۇيغۇر!
مىللىتىدىن ھېچقاچان تانمايدىغان.
قالسىمۇ ئۆزى يالغۇز مەيداندا ئۇ،
كۈرەش قىلىشتىن قەتئىي يانمايدىغان!

بىر ئۇيغۇر بار بېرلىندا بىر ئۇيغۇر!
بارلىقىنى ئۇ ھۆرلۈككە ئاتىغان.
مىللىتىنىڭ بېشىغا دەرد كەلگەندە،
ياستۇق قىرلاپ كارىۋىتىدا ياتمىغان.

بىر ئۇيغۇر بار بېرلىندا بىر ئۇيغۇر،
ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر ئوغلى زىبىبۇللا.
بەل باغلىغان كۈرەشكە ئۇ ئاداققىچە،
تەڭرىتاغقا بايراق قادار ئىنشائاللاھ!

## ئىككىلىك چىقمىسۇن

ئەي! زىيالىي رەھبەرلەر داۋايىمىزدا ئىككىلىك چىقمىسۇن!
دىنى ئۇستاز- ئالىملار ئىچىمىزدە ئىككىلىك چىقمىسۇن!
پۈتۈن مىللەت بىرلىككە موھتاج ئىككىلىك چىقمىسۇن!
ۋەتەن داۋاسى بىرلىكتە ياشنار ئىككىلىك چىقمىسۇن!

ئۇيغۇر دېگەننىڭ مەنىسى ئۇيۇشقاقتۇر بىز بىلىمىز،
ئۇيغۇر دېگەن ئەسلىدىنلا مەرد-مەردانە كېلىمىز.
بىردۇر ئەزەلدىن ھەممىمىزنىڭ قېنىمىز ۋە تىلىمىز،
ئەي قېرىنداشلار داۋايىمىزدا ئىككىلىك چىقمىسۇن!

ئىككى باشلىق يىلان ئەسلا ئۆز يولىنى تاپالماس،
مۇرات-مەقسەت باشقا بولغان توساقلارنى ئاشالماس.
كىم كولىسا ئورىنى چۈشۈپ ئۆزى ھېچ چىقالماس،
ئەي ئەزىزلەر داۋايىمىزدا ئىككىلىك چىقمىسۇن!

ياۋلار كۈتەر بىزدىن ھەردەم ئىناقسىزلىق- تەپرىقە،
ھىيلە-نەيرەڭ قۇرۇپ چىقار تۇرماستىن بىر دەقىقە.
توقۇر يالغان-تۆھمەتلەرنى باشچىلىرىمىز ھەققىدە،
قالماڭ غەپلەتتە داۋايىمىزدا ئىككىلىك چىقمىسۇن!

پىتىنچىلەر ھەرىكەتتە دائىم يالغاننى توقۇشقا،
سۇخەنچىلەر چىقار يەنە مەردلەر كۆزىنى چوقۇشقا.
سالار ھەتتا كۈشكۈرتۈپ بىر-بىرىمىزنى سوقۇشقا،
ئاگاھ بولۇڭ خائىنلاردىن، ئىككىلىك چىقمىسۇن!

ئەي دانالار بولسۇن مەقسەت ئەل- ۋەتەننى قۇتقۇزۇش،
ئېلىپ ھەققىنى مىللەتنىڭ ئۆز قولىغا تۇتقۇزۇش.
كۈرەشلەردە غەلىبە قۇچۇپ دۈشمەنگە قان يۇتقۇزۇش،
كۈتەر مىللەت زەپەر-غەلىبە ئىككىلىك چىقمىسۇن!

## بېنگالىقتا باركاللا

بېنگاللىق مۇسۇلمانلار ئېيتىمىز سىلەرگە باركاللا ،
رەھمەت قىلسۇن سىلەرگە رەببىمىز- ئۇلۇغ ئاللاھ.

چىقتىڭلار سىلەر قوزغىلىپ ئۇيغۇر ئۈچۈن نامايىشقا،
بىلدۈردۈڭلار نارازىلىق خىتاي زالىم-فاشىستقا.

كۆردۈڭلار ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كەلگەن دەردلىرىنى ،
قىلدىڭلار ئادا باش بولۇپ قېرىنداشلىق شەرتلىرىنى.

ياڭراتتىڭلار داككادا خىتايغا قارشى سادالار،
يەتتى سىلەردىن ئۇيغۇرغا مۇسۇلمانلىق ئادالار.

كۈتكەن ئىدۇق بىزلەر كۆپ قېرىنداشتىن قوللاشنى،
ئىگە چىقىپ دىنداشقا خىتايغا ئەرزلەر يوللاشنى.

دېگەن ئىكەن ئىلاھىم قېرىنداش بوپ ئۆتۈڭلار،
يۇتسا بىر مۆمىن ئاچچىق سىلەرمۇ تەڭ يۇتۇڭلار.

تەسكىن تاپتى كۆڭلىمىز قوللاش-يۆلەشتىن،
قېرىنداشلىق نۇر چاچار شۇنداق بەدەل تۆلەشتىن.

# ئۇيالمامسەن

ئۇيالمامسەن بولغىنىڭدىن خىتايغا قورچاق،
قىزارمامسەن كاپىرغا ئاچقاندىن كەڭ قۇچاق.،
ئويلىمامسەن ئۆزۈڭنىڭ بەك غەمسىزلىكىڭدىن،
مىللىتىڭچۈن ئىش قىلالماس پەمسىزلىكىڭدىن.
ئۇيالمامسەن تەختىڭدە بىكاردىنلا ئولتۇرۇپ،
مىللىتىڭچۈن بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي تۇرۇپ،
ئۇيالمامسەن خىتايغا هەدەپ باش ئېگىپ،
هاقارەت توقمىقى ساڭا جىق كەلسىمۇ تېگىپ.
ئۇيالمامسەن ئۆگەتسە شاتۇتىدەك سۆزلەشكە،
سېتىپ ئەلنىڭ هەققىنى ئەمەلنىلا كۆزلەشكە.
ئۇيالمامسەن هەممىگە دېيىشكە هە-ماقۇل،
يا بولدۇڭمۇ سەن ئۇلارغا بىر دېدەك قۇل!
ئۇيالمامسەن تەڭسىزلىكنى قوبۇل قىلىپ،
خارلانغان ئۆز خەلقىڭنىڭ يۈرىكىنى تىلىپ.
ئۇيالمامسەن خەلقىڭنىڭ قان-تەرىنى شورىسا،
تۇتۇپ- سولاپ ئانىسىنى قىزلىرىنى سورىسا.
ئۇيالمامسەن مەزلۇملارنىڭ كۆزلىرىنى ياشلىسا،
يىگىتلەرنى تۇتۇپ-سولاپ زىندانلارغا تاشلىسا.

# خىتاي مېلىنى ئالمىغىن

ئەي ئۇيغۇرۇم، بىر تالمۇ خىتاي مېلىنى ئالمىغىن،
خەزىنىسىگە خىتايلارنىڭ ئالتۇن-تىللا سالمىغىن.

خىتايلار ياسىدى ماللارنى ئۇيغۇرنىڭ گېزى بىلەن،
ئىشلىتىپ كۆمۈرنى بۇلغىدى مۇھىت مېزى بىلەن.

خىتايلارنىڭ ماللىرى خۇددى ئۆزىدەك ساختادۇر،
ياسىغىنى پولات دەپ شال پاخىلىدەك تاختادۇر.

بۇلاپ ئېلىپ ئۇيغۇرنىڭ پاختىسى-ئاق ئالتۇنىنى،
قات-قات باھادا ساتىدۇ، پارقىرىتىپ كالتۇنىنى.

نىلون رەختنى كىيسىڭىز تېنىڭىزنى كۆپ تاتىلىتار،
ئۇچۇق-تۆشۈك كۆينىكى دىنىڭىزدىن ھەم ياتلىشار.

ھەممە يەردە خىتاينىڭ ماللىرى ئەرزان سېتىلىدۇ،
تەكشۈرسىڭىز ئىچىنى بىر زەھەرلىك ماددا قېتىلىدۇ.

ئايىغىنى كىيسىڭىز،چەمى ئىككى- ئۈچ كۈندە تېشىلەر،
پاختا دېگەن يىپلىرى ئىت- مۈشۈك تۈكىدىن ئېشىلەر.

ئېلىپ خىتاي ماللىرىنى دۈشمىنىڭىزنى قىلماڭ باي،
ساختا ماللار قىلار سىزنى تېخىمۇ قەلەندەر ۋە گاداي!

# چاقمىغىن

ئۇيغۇرۇم قېرىندىشىڭنى سەن چاقمىغىن،
دۈشمەن ئاتقان يەمچۈك پۇلغا باقمىغىن.

ئۆز-ئارا چېقىشماسلىق ئېسىل خىسلەت،
سېتىپ مىللەتنى، ۋىجدانىڭنى ياقمىغىن.

ئەل-جامائەت، خوشنىلىرىڭ بىر تۇغقاندۇر،
قوشنا تامغا تىكەن- قوزۇق قاقمىغىن.

ئۇدۇم بولغان بىزگە دائىم ئىناق ياشاش،
دۈشمەن قۇرغان شۇم تۇزاققا پاتمىغىن.

ياشاپ كەلگەن ئەجدادىمىز ئۆملۈك ئىچرە،
دۈشمەن قويغان ھۆل كېسەكتە ياتمىغىن.

پەيلەيدۇ دۈشمەن سېنى ئالداپ-سىلاپ،
ۋەتىنىڭنى سەن جان كەتسىمۇ ساتمىغىن.

ئۇيغۇر دېگەنىنىڭ مەنىسىدۇر ئۇيۇشقاقلىق،
قېچىپ ئەلدىن، دۈشمەنگە قاش ئاتمىغىن.

## ئانىلارغا ئاپىرىن!

چىققتى بۈگۈن ئانىلار نامايىشقا قوزغىلىپ،
نەرە تارتتى خىتايغا قارشى غەزەپكە تولۇپ،
يىغىلدى چوڭ مەيدانغا مىڭلىغان خان قىز!
ئەجدادىنىڭ كۈرەش روھىغا سالغان ئىدى ئىز.
كۆتۈرۈشكەن بايراق ئۇلار لوزۇنكا- تاختاي،
تووۋلاشقانىدى بىر ئاۋازدا يوقال دەپ خىتاي.
مىڭلىغان بۇ خان-قىزلارنىڭ قەلبى ۋەتەندە،
قەلبلىرى يانغان ئوت بولۇپ تۇغقان دەردىدە.
بارالمايدۇ بۇ خان-قىزلار تۇغقان يوقلاشقا،
قىلالمايدۇ ھەتتا تېلېفون كۆڭۈل توقلاشقا.
تۇتتۇلغان كۆپ ئاچا-سىڭىل، ئاتا-بوۋىسى،
سورىيالمايدۇ نەدە دەپ، ئانىسى ۋە مومىسى.
نامايىشقا كەلدى خانلار يىراق يەرلەردىن،
كۆرسىتىشتى شىجائەت قالماس ئەرلەردىن.
مەدىنەخان كەلدى يەنە ئوغلىنى ئېلىپ،
تۇغما مېيىپ رامانجاننى غالتەككە سېلىپ.
تەقدىر-قىسمەت رامانجانغا يۈزىنى ئاچمىغان،
ۋەتىنىنى رامانجان ھېچ كۆرۈپ باقمىغان.
مەدىنەخان رامانجاننى سۆيەتتى چەكسىز،
تەربىيەلىدى رامانجاننى ئۇيغۇرچە پاكىز.
رامانجانمۇ تونۇپ يەتتى ئەجداد-ئەسلىنى،

ئۆگىنىپ ئانا تىلنى ھەم ساقلار نەسلىنى.
سۆزلەر ئىدى رامانجان ئۇيغۇرچە راۋان،
ئاپىرىن دەپ قالدۇق ئۇنىڭغا ھەيران!
ئەتراپىنى رامانجاننىڭ ھەممە ئورىدى،
بىرى كېلىپ رامانجاندىن شۇنداق سورىدى:
نېمە ئۈچۈن نامايىشقا سىزمۇ كەلدىڭىز؟
ئۆيىڭىزدە تىنچ-يېتىپ ئارام ئالماستىن،
يۈرۈپسىز يىراق يولنى هارماي-تالماستىن؟
رامانجان جاۋاب بەردى ئانا تىلىدا،
پۈككەن ئارزۇسىنى چوڭقۇر دىلىدا:
بىلەمسىلەر مەنمۇ بىر ئۇيغۇر بالىسى،
دىلىمنى قىينايدۇ ئۇيغۇر نالىسى.
بىلسەم ۋەتىنىمدە زۇلۇم كۆپ ئىكەن،
ياشاش ئۈچۈن يولمۇ بەك تار ئىكەن.
تۇغقانلىرىم سولىنىپتۇ تۈرمە-زىندانغا،
قىلمىدى خىتاي رەھىم ھېچبىر ئىنسانغا.
مەندەك دوستلار ئوقۇيالمايدۇ ئانا تىلىدا،
چەكلىنىپتۇ ئۇيغۇرچە ئۆزىنىڭ ئېلىدا.
بۇنداق ئىشلار ئىنسانلىققا جىنايەتتۇر،
قاراپ تۇرساق بۇنىڭغا جىم خىيانەتتۇر.
شۇڭا كەلدىم نامايىشقا ئۇزاق بىر يەردىن،
ئاناممۇ بولدى ھەمراھ تاشقاچقا دەردىن.
دەيمەن ۋەتىنىم بولسىكەن تېزراق ئازاد،
دوست بولۇپ باللار بىلەن ئوينىغۇم بار شات.
ئاڭلاپ بۇنى مەدىنەخان كۆزىنى ياشلىدى،
رامانجانغا تەسەللى قىلىپ سۆزىنى باشلىدى:
ئەي ئوغلۇم، ئاناڭنى كەچۈرگىن بىر رەت،
قىلدۇق بىزمۇ نائىلاج چەتئەلگە ھىجرەت.

كۆرەلمىدىڭ ۋەتەننى دىلىڭ ھەسرەتتە،
موماڭ يىغلار، بوۋاڭمۇ قالدىغۇ دەردتە.
بېقىپ سېنى مەن كۈچ-قۇۋۋەت بېرەي،
ئەجدادىمىز تارىخنى قىسقا دەپ بېرەي:
بىز ئۇيغۇرلار ئىدۇق بىر مۇستەقىل دۆلەت،
قۇرغان تېخى يېقىندا ئىككى جۇمھۇرىيەت.
خىتايغا بىز ئەزەلدىن تەۋە بولمىغان،
باشقىلارغا ھەم يەنە زۇلۇم سالمىغان.
تاجاۋۇزچى مانجۇ-خىتاي ئەھدىنى بۇزغان،
قانلىق قارا قولىنى ئۇيغۇرغا سوزغان.
ئەمما ئۇيغۇر زالىملارغا بېشىن ئەگمىگەن،
ئېپپىتىنى قوغداپ قىزلار ياۋغا تەگمىگەن.
ئىپارخاننىڭ گۈزەل تېنى خۇش-ئىپار پۇراردى،
يېقىن كەلسە خىتاي خانى خەنجەر ئۇزاردى .
نۇزۇگۇمنى چېرىك قورشاپ ھېچ تۇتالمىدى،
ئالتۇن دۇنيا بېرىپ كۆڭلىنى ھەم ئۇتالمىدى.
مايسخان قىلىچ ئۇردى خۇددى ئەر كەبى،
يەتتە قىزلار كۈرەش قىلدى تىز پۈكمەي قەتئىي.
دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ چوققىغا يەتتى،
تەسلىم بولماي ئاخىرى شېھىت بوپ كەتتى.
ھەمشىرە قىز رىزۋانگۈل جەڭگىمۇ ماھىر،
ياردارلارنى قۇتقۇزۇشقا تۇراتتى ھازىر.
نامەرد دۈشمەن رىزۋانگۈلنى نىشانلاپ ئاتتى،
رىزۋانگۈلمۇ ئۆز تۇپرىقنى قۇچاقلاپ ياتتى.

# كۈرەش ئۆلمىدى!

*(كۈرەش ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 ـ يىللىقىغا بېغىشلايمەن)*

كۈرەش ئەپەندى دەيتتى:
ئەجدادلارنىڭ ئىزىدىن ماڭماي تۇرۇپ،
ئارمانلىرىم ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپ.

كۈرەش ئۆلمەيدۇ، مەنمۇ ئۆلمەيمەن،
خەلقىم كۈلمىسە، مەنمۇ كۈلمەيمەن.

كۈرەش ئەپەندى دەيتتى:
كۆك بايراقنى ۋەتەنگە ئاسماي تۇرۇپ،
دۈشمەنلەرنى تامامەن ئاتماي تۇرۇپ.

كۈرەش ئۆلمەيدۇ، مەنمۇ ئۆلمەيمەن،
ۋەتەن بولمىسا، ئەركىن بولمايمەن.

كۈرەش ئەپەندى دەيتتى:

غالىبىيەت مارشنى ئېيتماي تۇرۇپ،
ۋەتىنىمدىن بۇ زۇلۇم كەتمەي تۇرۇپ،

كۈرەش ئۆلمەيدۇ. مەنمۇ ئۆلمەيمەن،
كۈرەش مارشنى ئېيتماي يۈرمەيمەن.

شۇنداق!

كۈرەش ئەپەندى، كۈرەشنى سۆيدى،
كۈرەش ئوتىدا پەرۋانە بولۇپ كۆيدى،
ھەر قەدەمنى ئۇ كۈرەش دەپ ئالدى،
دۇتارنىمۇ ھەم كۈرەش دەپ چالدى.

شۇنداق!

كۈرەش ئۆلمەيدۇ،كۈرەش پۈتمىگەچ،
كۈرەش ياشايدۇ، روھى يۈتمىگەچ،

كۈرەش ئۆلمىدى، ئۆلدى دېمەيمىز !
روھى كۈرەشنىڭ بىز بىلەن دەيمىز!

## پەخىرلىنىمەن فاخرەتدىن

*(تۈركىيە پارلامېنت ئەزاسى فاخرەتدىن يوقۇش ئەپەندىگە مەدھىيە)*

فاخرەتدىن بىلگەندە ئۇيغۇرنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى،
پارلامېنتقا يازدى خەت توختاتماي ئۇ قەلىمىنى.

قىلايلى ئۇيغۇر ئۇچۇن خىتايلارغا بىزلەر ئەرز،
دېدى ياردەم قىلىشىمىز ئۇيغۇرلارغا بەكمۇ پەرز.

پارلامېنتتا سۆز ئېلىپ قىلدى مۇنداق بايان:
ئۇيغۇرلار زۇلۇم تارتماقتا سىلەرگىمۇ ئايان!

خىتايلار سالماقتا ئۇيغۇرنى لاگېر ـ زىندانغا،
يەتتى ھازىر تۇتۇلغانلار بىر قانچە مىليونغا.

لاگېرنى نىقابلاپ مەكتەپ دېگىنى يالغان،
تۇرسا ئەتراپلىرى تىكەنلىك سىم قادالغان.

سولاندى دېگەنلەر هەتتا: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم»،
بەرگەنلەر قايتۇرۇپ سالام-تۇتقۇنغا مەهكۇم.

زورلاندى ئۇلار لاگېردا چوشقا گۆشى يېيىشكە،
مەن ئەمەسمەن هەتتاكى مۇسۇلمان دېيىشكە.

قىينالماقتا ئاتا يۇرتتابولغانلاربىر مۇسۇلمان،
تۇربسلەرغۇ سۈكۈتتە يوقمۇ سىلەردە ئىمان؟

ئۇيغۇر دېگەن بىزگە قان-قېرىنداش بىلىڭلار،
نېمشقا تۇتۇلدى خىتايغا سىلەرنىڭ تىلىڭلار؟

قالدى هازىر ئۇيغۇرلار تەهتىدىگە ئۆلۈشنىڭ،
تەمى بولماس ئۇلارسىز بىزگە يەنە كۈلۈشنىڭ.

دېگەنتىڭلارغۇ سىلەر بىز مەزلۇملارنىڭ هامىسى،
ئۆچتىمۇ قەلبىڭلاردا يا ئۇيغۇرلارنىڭ سىيماسى؟

مانا بۇ يوقۇش ئەپەندى ئۇيغۇرلارغا كۆيۈنگەن،
تۈرك ئوغلى قەلبىمىزدە چوڭقۇر سۆيۈنگەن!

# رامىزان

رامىزان كېلىپ بىرنى خۇش-مۇبارەك ئەتتى،
خۇشاللىقتىن بىشىمىز تا كۆكلەرگە يەتتى.

خانىم-قىزلار ئۇخلىماستىن كېچىدە تۇرۇپ،
زوھۇرلۇق ئۈچۈن مەززىلىك تاماقلار ئەتتى.

سەھەر تۇرۇپ ئورنىمىزدىن بىز غىزالاندۇق،
تۇتۇپ روزا بىرقانچە كۈن ئۆتتۈپمۇ كەتتى.

تولغان ئىكەن روزا شۇنداق كۆپ ھېكمەتكە،
بەرىكەت كېلىپ بەندىلەرنى مەمنۇن ئەتتى.

مۇسۇلمانلار ئىبادەتنى غوللۇتۇپ قىلغاچ،
دۇئا-زىكرى ئىلاھىمنىڭ ئەرشىگە يەتتى.

قىلىپ ناماز،ئۇقۇپ قۇرئان تا ئاخشامغىچە،
بەندىلەرنىڭ ئىمانىمۇ بەك چىڭىپ كەتتى.

مۇسۇلمانلار پەرز- سۈننەتنى ئادا قىلغاچ،
ئىلاھىمنىڭ رەھمىتىمۇ يېغىپ كەتتى.

سەدىقە-پىتىر،زاكاتلارمۇ كۆپ تارقىتىلىپ،
كەمبەغەل ۋە يوقسۇللارنى خۇشال ئەتتى.

بار ئىكەن جىق ھېكمىتى شەرئى رامىزاننىڭ،
ئاشقازاننى بوشۇتۇپ ساق- تىمەن ئەتتى.

ئىبادەتنىڭ ھېكمىتىمۇ بەك كۆپ ئىكەن،
روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ بەك كۆتۈرۈۋەتتى.

خاپىلىشىپ ئۆتكەنلەردە تەتۈر قاراشقان،
قۇچاقلىشىپ ئۆزئارا دوست بولۇپ كەتتى.

ناھايىتى تېزلا ئوتتۇز كۈن ئۆتۈپ بۈگۈن،
بولۇپ بايرام دىللىرىمىزمۇ يايراپ كەتتى.

ھەممە بىرگە ئوقۇۋالدۇق ھېيت نامىزىنى،
بىر-بىرىنى قېرىنداش چىن تەبرىك ئەتتى.

ئۆزئارا ھېيتلىشىپ بىز سالام بېرىشتۇق،
قېرىنداشلىق رىشتىمىز بەك چىڭىپ كەتتى.

## مۇسۇلمانلارغا مۇراجىئەت

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئاڭلاڭلار ئۇيغۇرنىڭ زارىنى،
ئۇيغۇرلارمۇ بىر مۇسۇلمان ئىسلامغا ئاتىغان بارىنى.

مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار دۇنيادا ئېغىر زۇلۇم تارتماقتا،
قارا چاپلاپ خىتايلار تېرورىست قالپىقى ئارتماقتا.

قىلساق ئىبادەت ئۇيغۇرلار خىتاي دېدى: ئەسەبىي،
مۇسۇلمان دەپ بىز ئۇيغۇرلار ئېيتالمايمىز نەسەبى.

سۈننەت دەپ ئۇيغۇرلار قويالمىدى ئۇزۇن ساقال،
قىرقىۋەتتى مەجبۇرى بولمىسىمۇ بىر دوقال.

مۇسلىمە ئۇيغۇر قىزلار بېشىغا ياغلىق چىگەلمىدى،
ئەركىنلىكى بولمىغاچ، سەجدىگە بېشىن ئىگەلمىدى.

كىيسە كۆينەك خوتۇن-قىزلار قايچىدا كېسىۋەتتى،
ئاشقۇنلۇق دەپ چۇمبەلنى مۆھۈرلەرنى بېسىۋەتتى.

قۇرئان دەرسى ئوقۇشقا رۇخسەت بەرمەي چەكلىدى،
موللا-خەلپەت، ئۇستازنى تۇتۇپ-سولاپ يەكلىدى.

ساقلىيالمىدۇق ئۆيلەردە قۇرئان ھەمدە جايناماز،
يوقۇتۇپ دىن-ئىسلامنى قىلماقچى بولدى بىناماز.

دىن دۈشمىنى خىتايلار قۇرئاننى ھەم كۆيدۈردى،
ئىلىم ئەھلى، ئالىمنى ئۇرۇپ-قىيناپ ئۆلتۈردى.

مەسچىت سالسا پۇقرالار ھۆكۈمەت چېقىپ تاشلىدى،
جامائەت بىر يەرگە يىغىلسا قوغلاپ كۆزنى ياشلىدى.

قويالمىدى ئۇيغۇرلار ھەم مۇسۇلمانچە ئۆز ئىسمىنى،
مەن مۇسۇلمان دېگەننىڭ قانغا بويىدى جىسمىنى.

دېيەلمىدۇق ئۇيغۇرلار يېمەيمىز بۇ ھارام ئەتتىن،
ھالالنى تاللىغاننىڭ ساقايمىدى بېشى دەردتىن.

تۇتالمىدۇق ئۇيغۇرلار روزىمىزنى تىنچ-بەھۇزۇر،
سۇ ئىچكۈزۈپ كۈندۈزى روزىمىزنى ھەم بۇزار.

بارالمىدۇق بىر ھەجگە پاسپورتىمىز يوق قولدا،
پۇت-قولىمىز باغلانغان كۆزەتچىسى ھەر يولدا.

سولىنۋالدى ئۇيغۇردىن لاگېر قۇرۇپ بەش مىليون،
مەكتەپ دېدى يالغاندىن خىتاي ئۆزى خاملىيون.

كەلدى ھەر كۈن خەۋەرلەر ئۆلۈم-يېتىم دەھشەتتىن،
تۈيمىدىمۇ قېرىنداشلار خىتايدىكى بۇ دەھشەتتىن ؟

پەيغەمبىرىمىز دېگەنىكەن مۇسۇلمانلار بىر تۇغقان،
ئەپسۇس هازىر ئۇيغۇرلارنى قېرىنداشلار ئۇنۇتقان!

تىكەن كىرسە تاپانغا بىرهال، پۈتۈن بەدەن ئاغرىيدۇ،
نېمىشقا باشقىلار راهەتتە ئۇيغۇرنىڭ يۈزى ساغرىيدۇ؟

ئەي مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيغۇرلار كۈتەر ياردەم،
قۇتقۇزۇڭلار ئۈممەتنى ئۇيغۇرلارغا بولۇپ هەمدەم!

## ئۇيغۇر قىزى مېنىڭ سىڭلىم!

*(ئۇيغۇر قىزىنى ئېلانغا چىقارغان خىتايغا رەددىيە)*

ئۇيغۇر قىزى مېنىڭ سىڭلىم،سېنىڭكى ئەمەس!
چۈنكى، ئۇ قىز سېنىڭدەك بىر ھايۋان ئەمەس!

چىقىرىپسەن توردا« ئېلان» ئۇيغۇر قىزىنغا،
يىغىشتۇرۇۋال قىلمىشىڭنى سەن ئىنسان ئەمەس!

چاقىرىپسەن خېرىدار سىڭلىمنى دەسمي قىلىپ،
ئىنسان ئۆزى ساتارغا ئۇ تاۋار-مال ئەمەس!

ئېلىۋالدىڭ ئۇيغۇر قىزىنى سەن گۆرۈگە تۇتۇپ،
مەجبۇرلانغان سىڭلىم ئەسلى مەيلىچە ئەمەس!

ئېلىپ چىقتىڭ سىڭلىمنى تەھدىتلەر بىلەن،
دېگەنلىرىڭ يالغان، ئۇنىڭ پەيلىچە ئەمەس!

ئۇيغۇر قىزى ئىپپىتىنى بەك مۇقەددەس بىلەر

ساتماس ئۇنى پارچە پۇلغا ئۇ ئارسىز ئەمەس!

ئۇيغۇر قىزنى تۇتۇپ ئولجا ئالغانسەن بەلكى،
ئالالمايسەن يۈرىكىنى ئۇ يارسىز ئەمەس!

ئۇيغۇر قىزى- قەھرىمان قىز، ئىپارخان ئۆزى،
خەنجىرى بار قوينىدا ئۇ چارىسىز ئەمەس!

ئۇيغۇر قىزى نومۇسچان قىز، پاك-دىيانەتلىك،
يۈزى قىلىن داپلاردەك ئۇ تارىسىز ئەمەس!

بىلىپ قالغىن تارىخىنى ئۇيغۇر قىزنىڭ!
نومۇسچۈن ئۆلۈمدىن ئۇ قورققان ئەمەس!

داستان يازغان كۈرەشتە ئۇ ئۇيغۇر قىزى،
دار ئالدىدا نۇزۇگۇمدىن ياش ئاققان ئەمەس!

ئۇيغۇر قىزى مەختۇمسۇلا يالغۇز ئەمەستۇر،
ئاكىسى بار باتۇر ئۆزى ئۇ گۆدەك ئەمەس!

ئۇيغۇر قىزى كۆنمەيدۇ ھەرگىز قۇللۇققا،
ئۇيغۇر قىزى-ئەرك قىزى ئۇ دىدەك ئەمەس!

سىڭلىمنى سىتىشتىن ۋاز كەچكىن خىتاي،
ئالمىسام جىنىڭنى گەر مەن ئەركەك ئەمەس!

## سەن يالغۇز ئەمەس

ئابدۇرېھىم غېنى دوستۇم سەن يالغۇز ئەمەس!
ئارقاڭدادۇر ئۇيغۇر خەلقى سەن يالغۇز ئەمەس!

ئاتا-ئاناڭ تۇتقۇن بولدى. سەن بىر مۇساپىر
يات ئەلدە يىپتىرقىما! سەن يالغۇز ئەمەس!

ئۈچ يىل بولدى جەڭگە چىقتىڭ قىلچە هارماستىن
بارچە خەلق سېنى كۈيلەر، سەن يالغۇز ئەمەس!

بوران-چاپقۇن، قار-يامغۇردا هېچ ۋايسىمىدىڭ،
بولار كۆنلۈك ساڭا خەلقىڭ، سەن يالغۇز ئەمەس!

كۆتۈرۈسەن بىرمۇنچە يۈك،تاختاي- لوزۇنكا
ئاللاھ بېرەر ساڭا كۈچ، سەن يالغۇز ئەمەس!

دام مەيدانى سېنىڭسىز بەك چۆلدەرەپ قالار
كېلەر دوستلار سەنچۈن، سەن يالغۇز ئەمەس!

بوش تۇرمايدۇ ھەتتا تىلىڭ مىللەت دەردىدە
ئاڭلار دۇنيا ھەسرىتىڭنى،سەن يالغۇز ئەمەس!

نۇرغۇن ئادەم كېلىپ ئاڭلار دەرد ـ ئەھۋالىڭنى
قىلار ساڭا ھېسداشلىق سەن يالغۇز ئەمەس!

چىدىماستىن خىتاي كېلىپ جېدەل چىقاردى
قورقماستىن تىك تۇردۇڭ، سەن يالغۇز ئەمەس!

كەلگەندە يالاقچىلار بوزەك قىلماق ئۈچۈن،
دەككىسىنى بەردى ھەممە، سەن يالغۇز ئەمەس!

ئەي، قورقماس ئابدىرىمجان قايتمىغىن يولدىن!
قوغدايمىز سېنى بىز، سەن يالغۇز ئەمەس!

## دەستىچىگە گۈلدەستە

مۇستاپا ئەپەندى تۇتىمەن سىزگە گۈلدەستە!
تۇتتىڭىز قېرىنداش ئۇيغۇرلارنى چىڭ ئەستە!

ئۇيغۇرلارنى ھەر قاچان كەلدىڭىز قوللاپ،
قېرىندىشىم ئۇيغۇر دەپ ھەر يەردە توۋلاپ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھىغا كۆپ قۇلاق سالدىڭىز،
پارلامېنتتا ئۇيغۇر ئۈچۈن سۆزمۇ ئالدىڭىز.

دېدىڭىزكى: ئۇيغۇر ئۈچۈن قانۇن تۈزەيلى!
خىتايلارنىڭ زۇلۇملىرىنى قەتئىي ئۈزەيلى!

ئۇيغۇرلارمۇ تۈركتۇر ھەمدە مۇسۇلمان،
كۆز يۇمساق زۇلۇملارغا بولار بەك يامان!

ئۇيغۇر يۇرتى تۈركىستان دۆلەتتۇر ئەسلى،
ياشىغان ئۇ يەردە ساپ-ئوغۇزنىڭ نەسلى.

بېسىپ ئالغان خىتايلار تاجاۋۇز قىلىپ،
قىينىدى مەزلۇملارنىڭ يۈرىكىنى تىلىپ.

تۇتقۇن قىلدى ئۇيغۇرنى مىليونلاپ باغلاپ،
سۇغۇرۇۋالدى يۈرىكىنى تىرىكلا داغلاپ.

سېلىپ چىقتى يەر ئاستىغا قاتمۇ-قات زىندان،
يوقىتىشنى قەستلىمەكتە ئۇيغۇرنى پىنهان!

ئەي تۈركىيە، تۈرك خەلقى كۆزۈڭنى ئاچقىن!
قۇتقۇزايلى ئۇيغۇرلارنى سۈكۈتتىن قاچقىن!

كېرەك بولسا ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۇرۇش ئاچايلى!
زالىم-كاپىر خىتايلارنىڭ قېنىنى چاچايلى!

## ل.مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغان كۈنگە

ل.مۇتەللىپ تۇغۇلغان تەلكە قوينىدا،
سىلكىنگەن تەلكە تېغى تۇغۇلغان كۈنى.
قارىغايلار ئېگىلگەن سالام قىلىپ ئاڭا،
شاماللار سىيپاپ يۈزىن كۈلدۈرگەن ئۇنى.

مۇتەللىپ تۇغۇلغاندا يىغلىماي كۈلگەن،
ئانىسى يۈرىكىدىن ئوغلىغا كۆيگەن.
كۆرۈپ گۈزەل چېھرى- ئايدەك يۈزىنى،
ئاتىسى خۇشاللىقتىن مەڭزىگە سۆيگەن.

مۇتەللىپ يىغلىسىمۇ بىر مۇڭ چىقاتتى،
چانىقىدىن تامچە ئەمەس دېڭىز ئاقاتتى.
ئۇخلىغاندا تاتلىققىنە ئانا قوينىدا،
چۈشلىرىدە تەبىئەتكە قوشاق قاتاتتى.

مۇتەللىپ تۇغۇلغاندا كاككۇك سايرىغان،
جاۋاب بېرىپ زەينەپمۇ ئوخشاش دورىغان.
سېھرى قىلىپ مەلەك ئۇنى مۇشائىرە بىلەن،
چالسۇن دەپ كەلگۈسىدە كۈيگە ئورىغان.

## قاچانغىچە

قاچانغىچە ئەي دوستۇم قارارىڭنى بېرەلمەيسەن،
زۇلۇمغا قارشى كۆكسىڭنى بىر كېرەلمەيسەن؟

قاچانغىچە ئەي دوست ئورنۇڭدىن تۇرالمايسەن،
ۋەتەن ئۈچۈن بىر نىشاننى ئېنىق قۇرالمايسەن؟

قاچانغىچە ئەي دوست تارىخىڭنى بىلەلمەيسەن؟
«مېنىڭ ئەجدادىم شاھ ئۆتكەن » دېيەلمەيسەن؟

قاچانغىچە ئەي دوست سۆكۈتۈڭنى بۇزالمايسەن،
بىچارە خەلقىڭگە ياردەم قولۇڭنى سوزالمايسەن؟

قاچانغىچە ئەي دوست ئەل غېمىنى يېيەلمەيسەن،
مەن ئۇيغۇر دەپ بىر چىمەن دوپپا كىيەلمەيسەن؟

قاچانغىچە دوستۇم ئۆزۈڭنى تارازىغا سالالمايسەن،
مىللەت ئۈچۈن دادىلراق بىر قەدەم ئالالمايسەن؟

قاچانغىچە ئەي دوست ئەتراپىڭغا باقالمايسەن،
باشقىلار ئاققان سۇدا سەنمۇ بىر ئاقالمايسەن؟

قاچانغىچە دوستۇم، ياۋغا قاپاق تۈرەلمەيسەن؟
كۈرەش سېپىمىزگە قېتىلىپ ھەم يۈرەلمەيسەن؟

قاچانغىچە نەپرىتىڭنى ئوچۇق كۆرستەلمەيسەن،
غەزىپىڭنى دۈشمەنگە يۇقىرى ئۆرلىتەلمەيسەن؟

قاچانغىچە دوستۇم دۈشمەنگە جەڭ ئاچالمايسەن،
ئوغۇزخان بوۋىمىزدەك قەھرىڭنى چاچالمايسەن؟

# ـ نەسرلەر ـ

# ئۈجمە!

مەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ،
تۇنجى قېتىم كۆرگەن مېۋە.
يامىشىپ ئۈستىگە چىقىپ،
تۇنجى قېتىم تېتىغان مېۋە.
تۇنجى قېتىم ئوۋۇلىغان خەمەك،
تۇنجى قېتىم قارىقان پەلەك.
شۇڭا تېتىمايدۇ ئېغىزىمغا،
نېمە بولسۇن ئۈجمىدىن بۆلەك!

مەن چوڭ بولسام هويلىمىزدا يوغان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىكەنتۇق. دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، بوۋام بىر كۈنى بىر تال ئۈجمە ياغىچىنى هويلىمىزغا سانجىپ قويغان ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ بۇ ياغاچ كۆكىرىپ ياشىرىپ، يوغان ئۈجمە دەرىخىگە ئايلىنىپتۇ! شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئەتىياز كىرگەندە ئاپتاپتا سايىدايدىغان سايىۋەنىگە، ياز كىرىشى بىلەن تۇنجى قېتىم تېتىيدىغان يازلىق مېۋىسىگە ئايلىنىپتۇ.

مەن چوڭ بولۇپ ئەقلىمگە كەلگەندە بىلسەم، تۇنجى قېتىم كۆرگەن يېشىللىق ئۈجمە دەرىخى ئىدى. ئۇ ئەتىياز

كىرىشى بىلەن سانسىزلىغان قۇشقاچ تىلىدەك ئىنچىكە يوپۇرماق چىقىرىپ، يېشىللىقتا پۈركىنەتتى-دە، يوپۇرماق بىلەن تەڭ دۇمبۇللارمۇ چىقاتتى. دۇمبۇللار چىققاندىن باشلاپلا بىز باللار كۈن ساناشقا باشلايتتۇق. تەخمىنەن قىرىق-ئەللىك كۈن ئەتراپىدا دۇمبۇللار ئاقىرىشقا باشلايتتى ۋە بىر نەچچە كۈندىلا يوغىناپ، خۇددى ئاق بۇلۇت پارچىلىرىدەك پارقىراشقا باشلايتتى . شۇ چاغدىن باشلاپلا بىز باللار لەۋلىرىمىزنى چاكىلدىتىپ، قولىمىز يەتكەن يەرلەردىن تېرىپ يېيىشكە باشلايتتۇق . ئاتا-ئانىلىرىمىز : باللار ئۈجمە مەي باغلىغۇچە چېقىلماڭلار!- دەپ قوغلاپ كېتەتتى.

شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە، ئۈجمە پارقىراپ پىشقان كۈنلەردە بىز باللار بەس-بەستە ئۈستىگە يامىشىشقا باشلايتتۇق، چوڭراق بولغان باللار ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلايتتى. بىز كىچىك باللار تۆۋەندە تۇرۇپ: ئېغىت، ئېغىتە-دەپ ۋارقىراپ كەتتۇق. ئۈجمىنىڭ ئېغىتىلغان شاخلىرىدىن ئۈجمىلەر خۇددى ئاق ئالتۇن پارچىلىرىدەك يەرگە تۆكۈشكە باشلايتتى . ئوغۇللار دوپپىلىرىمىز بىلەنلا، قىزلار ئېتەكلىرى بىلەنلا يىغىۋالاتتۇق-دە،ئاغزىمىزنى چاكىلدىتىپ يېيىشكە باشلايتتۇق. ئۈجمىنىڭ مېۋىسىنىڭ تەمى شۇنداق تاتلىق ئىدىكى، لەۋلىرىمىز بىر-بىرسىگە چاپلىشىپ قالاتتى. قورساقلىرىمىز تويۇپ،كۈچ-قۇۋۋىتىمىز ئېشىپ، شاشلىشىپ كېتەتتۇق!

بوۋامنىڭ دېيىشىچە، ئۈجمىنى ھويلىنىڭ ئىچى ياكى ھويلا دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تېكىلىشنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ سايىسىدىن پايدىلىنىپ، ھويلا ئارامنى

سۆرۈنلەشتۈرۈش ئىكەن. دېمىسىمۇ بۇۋام ھەقلىق ئىدى! تومۇز ئىسسىقىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۈجمە سايىسى ھويلا-ئاراملارغا كەڭ سايە تاشلاپ، ھويلا-ئارامنى سالقىنلاشتۇراتتى. چوڭلار ھويلىدىكى سۇپىلارغا ھەر خىل گۈللۈك رەختلەردىن تىكىلگەن كۆرپىلەرنى سېلىشىپ ئارام ئالاتتى. ئانىلار، مومايلار يۇمشاق كۆرپىلەردە ئولتۇرۇپ،چىمەن ۋە بادام دوپپىلارغا كەشتە تىكەتتى. يولدىن ئۆتكەن كەچكەنلەرمۇ ئۈجمە سايىسىدا ئولتۇرۇپ. ھاردۇقىنى چىقىراتتى. بىز باللار بولساق ئۈجمىنىڭ سايىسى چۈشكەن جايلاردا ئۆي تۇتۇش، قۇتا تېپىش قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايتتۇق. ئۈجمىنىڭ سايىسى يەنە بىز باللارنى كۈن نۇرىدىن مۇداپىئە قىلغاچقا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمەيتتى. ئاغرىپ قالمايتتۇق ، ھېرىپ-چارچىمايتتۇق. روھىي ھالىتىمىز ناھايىتى خۇشال كۆتۈرەڭگۈ ھالەتتە تۇراتتۇق.

ئەي، ئۈجمە! سېنىڭ خىسلەتلىرىڭ نېمە دېگەن كۆپ-ھە، سېنىڭ مېۋىلىرىڭ ئادەملەرگە مەنپەئەت بېرىپ قالماستىن بەلكى يەنە سېنىڭ ياپراقلىرىڭدىنمۇ ئادەملەر پايدىلىنالايتتى . يېپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان گۈزەل ۋەتىنىمىزدە ئەجدادلىرىمىز پىلە قۇرتى بېقىشنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن بېقىلغان يۇمران پىلە قۇرۇتلىرى بىلەن پارقىراق ۋە يۇمشاق مەشۇتلەر ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. پىلە قۇرۇتى ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن بېقىلاتتى. پىلە قۇرۇتى-ئۈجمە ياپرىقىنى يېيىش ئارقىلىق مەشۇت يەر ياڭىقى شەكلىدە يۆگىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزى مەشۇت ئىچىدە مىننەتسىز قۇربانلىق بېرىپ، ئۆلۈپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپئاق ۋە پارقىراق مەشۇتلەر

يېپ ئېگىرىش ئۈچۈن تەييار بولاتتى. ئەجدادلىرىمىز مەشۇتلەردىن يېپ ئىگىرىپ، خۇددى توز قانىتىدەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئەتلەسلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ، دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

ئەي، ئۈجمە! سېنىڭ ھەممە نېمەڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر. سېنىڭ ياغىچىڭدىن قولى چېۋەر ئۇستىلار دۇتار تەمبۇرلارنى ياسىغان ئىدى. ئۈزۈم ياغىچى يۇمشاق ۋە سىلىق پارقىراق ھەم ئەۋرىشىم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياپىلاق، ئەۋرىشىم تارىشلارنى چىقىرىپ دۇتارغا ئىشلەتكەندە دۇتار، تەمبۇرلار سۈپەتلىك ياسىلىپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان گۈزەل ھالغا كېلەتتى. ئويمىچى ئۇستالار ئەپچىل قوللىرى بىلەن ئۈزۈم ياغىچىدىن قوشۇق، ساپلىق تۇتقۇچلىرى ۋە نوغۇچ قاتارلىق ئوچاق بېشى لازىمەتلىكلىرىدىن ياساپ پايدىلىناتتى. ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان چىلان قوشۇقلار زىماگىلىنىپ پارقىرىتىلغاندىن كېيىن كۆزنى قاماشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭ بىلەن شاھى پەتتار ۋە ئۇماچلارنى ئىچكەندە تېز سوۋۇتۇلۇپ ئېغىز كۆيمەيتتى.

ئەي، ئۈجمە! سېنىڭ خىسلەتلىرىڭنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ! سېنىڭدىن ياسالغان دۇتار ـ تەمبۇرلار مېنىڭ نېرۋامنى سەگىتىپ،ھاردۇقۇمنى چىقىرىدۇ. سېنىڭدىن ياسالغان چىلان ئوشۇقلاردا يېگەن تاماقلارنىڭ تەمى ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالىدۇ.سېنىڭ مەشۇتىڭدىن چىققان يىپەكتىن توقۇلغان ئەتلەستىن تىكىلگەن كۆڭلەكلەر قىزلارنى تەڭداشسىز گۈزەللەشتۈرىدۇ . مەن سېنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن ئۈجمە دەرىخى! مېۋەڭنى يېيىش ئۈچۈن

ئۇستۇڭگە دەسسەپ چىقىپ، سېنى ئۈپراتقانلىقىم ئۈچۈن سەندىن ئەپۇ سورايمەن! ئەي، ئۆجمە! مەن سېنىڭ ئاق ئالتۇنغا ئوخشايدىغان مېۋەڭدىن ئوزۇقلاندىم. سەن ماڭا ئوزۇق بولدۇڭ. سېنىڭ يۇمشاق پىشقان دانىچىلىرىڭ مېنىڭ ئاشقازىنىمنى سىلىقلاپ ئىشتىهايىمنى ئاچقان ئىدى. بەدىنىمگە كۈچ-قۇۋۋەت، مېڭەمگە ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلغان ئىدى. مەن هاياتقا كۆز يۇمسام شۇنداق نەسىهەت قىلىمەنكى، قەبرەمگە بىر تال ئۆجمە كۆچىتى تىكىپ قويۇڭلار!

## مېنىڭ ئانام

ئانا پەرزەنت ئۇچۇن بارلىقىنى بېغىشلىغۇچىدۇر. ئۇ پەرزەنتىنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ. سۇيىدە ئاقىدۇ. ئۇ پەرزەنتىگە ھامىلە بولغاندىن باشلاپلا تومۇرىدا ئېقىۋاتقان ئىسسىق قېنى بىلەن ئوزۇق بېرىپ، ھۇجەيرىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، يۇمران تېنىگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، كېچە-كۈندۈز يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ، ئارزۇ-ئارمىنىنى سۆزلەپ، تۇغۇلغاندىن كېيىنكى بەخت سائادىتىنى تىلەپ، ۋاقتى توشقاندا بىر نەچچە كۈن ئاچچىق تولغاق ئازابى تارتىپ، پەرزەنتىنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزىدۇ-دە، ئازابلىرىنى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

پەرزەنتى تۇغۇلغاندا بولسا، ئانا چەكسىز خۇشاللىققا چۆمىدۇ. ئۆز ۋۇجۇدىدىن بىر جانلىقنىڭ ئائىلىسىگە يېڭىدىن قوشۇلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، بوۋىقىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ: ئاللاھ بەختىڭنى بەرسۇن! ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن! رىزقىڭىزنى زىيادە قىلسۇن! دوستۇڭنى كۆپ دۈشمىنىڭنى ئاز قىلسۇن! جىن-شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىسۇن! ۋەتەن ۋە خەلق

ئۈچۈن كۆيۈنىدىغان، غۇرۇر-ۋىجدانلىق، يۈز-ئابرۇيلۇق، تىرىشچان ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالالايدىغان قىلسۇن! خارۇ-زارلىققا قېلىشتىن ساقلىسۇن! دەپ دۇئا قىلىدۇ. ئاپئاق سۈتى بىلەن ئېمىتىپ بېقىپ، كېچە-كۈندۈز بۆشۈكنى تەۋرىتىپ، پوق-سۈيدۈكنى ئادالاپ، بۆشۈك ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئاستا-ئاستا چوڭ قىلىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ تارتقان بارلىق جاپالىرىنى بىر كۈندىلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بوۋىقى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنى مېنىڭ يۈرەك پارەم دەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق مال-مۈلكىنى سەرپ قىلىدۇ. ئۇنى ئۆز جېنىنى قوغدىغاندەك قوغدايدۇ. ئۇ كۈلسە، كۈلىدۇ. يىغلىسا، يىغلايدۇ. ئۇنىڭ جېنىغا، بەختىگە قەست قىلىنسا چىدىماي: سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسامچۇ! مەن ئۆلسەمچۇ دەيدۇ! سەنسىز ياشىغىنىمدىن-ياشىمىغىنىم ياخشى دەپ، ھاياتىنى پەرزەنتى ئۈچۈن قۇربان قىلالايدۇ. مانا بۇ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، مۇقەددەسلىكى ۋە مەڭگۈ سۆيۈلۈشكە تېگىشلىك شەرىپىدۇر!

مېنىڭ ئانام ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ توققۇز پەرزەنتىنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان بولۇپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى چوڭ بولۇۋاتقان باللارنى كېچىسى بۆشۈكنى تەۋرىتىپ بېقىپ، كۈندۈز تامىقىنى بېرىپ باقاتتى. كېچىسى كۆز يۇمغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مەن ئەقلىمنى بىلسەم، ئانامنىڭ كېچە-كۈندۈز قولىدىن ئىش توختىمايدىغانلىقىنى، ھېلى بالىغا، ھېلى ئۆيگە، ھېلى ئاتىمىزغا يەيدىغان نەرسە-كېرەكلەرنى تەييارلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. مەن بالىنىڭ سەككىزىنچىسى بولۇپ تۇغۇلغان ئىكەنمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك سىڭلىممۇ تۇغۇلدى. بىز ئارقا-ئارقىدىن چوڭ بولۇپ،

ئويۇن ئويناشقا باشلىدۇق. ئانىمىز بىز بىلەن بىللە تۆت-بەش بالىسىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ تەڭ ئويۇن ئوينايتتى. ئانىمىزنىڭ ھېچقاچان ھېرىپ- چارچىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق. بىز زېرىكسەك زېرىكەتتى. بىز ئوينىساق ئوينايتتى. ھېچقاچان بالىلاردىن زېرىككەنلىكىنى، قاقشىغانلىقىنى ئاڭلىمايتتۇق. مۇشۇ ئانامۇ:« ھارامدىغاندۇ؟ ئۇخلامدىغاندۇ؟» دەيتتۇق. قاچان ئۇخلاپ، قاچان ئويغانغانلىقىنى بىلمەيتتۇق. مەن ئويغانساملا قولىدا بىر نېمە تۇراتتى. مېنىڭ تامىقىم تۇراتتى. دادامنىڭ تامىقى، ئاكىلىرىمنىڭ، ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ تامىقى تۇراتتى. بىزگە: نېمىشقا تاماقنى ۋاقتىدا يېمەيسەن؟ قىزىقىدا يېيىش! تاماق يېمەي ئۆرە تۇرغىلى بولمايدۇ!- دەيتتى. ئانام كۆپ ئوقۇمىغان ئائىلە ئايالى بولغاچقا، ئۆيدە بالىلارغا قارىغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا بىكار ئولتۇرماي، يەنە قوشۇمچە كىرىم قىلىپ، ئائىلە ئىقتىسادىنى قامداش ئۈچۈن دوپپا ۋە كەشتىلەرنى تىكەتتى. ئانام يەنە ھويلىمىزغا سېلىنغان يوغان تونۇردا نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە بىر قېتىم نان ياقاتتى. نان يېقىپ ئۆيدىكى سېۋەتلەرگە تىزىپ قوياتتى. بىز خالىغان ۋاقتىمىزدا قورسىقىمىز ئاشۇ نانلاردىن ئېلىپ يەيتتۇق. ئۇ نانلار قورساق ئاچقاندا بىزگە شۇنداق تاتلىق تېتىپ كېتەتتىكى، ئانىمىزنىڭ قولى نېمانداق تاتلىقتۇ؟ دېيىشىپ كېتەتتۇق. تۆت-بەش ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك! ئانام تېخى مەكتەپ يېشىغا توشمىغان ئاكام ۋە سىڭلىم ئۈچىمىزنى ھەمدە قوشنىلارنىڭكى بەش-ئالتە بالىسىنى قوشۇپ، توققۇز-ئون بالىلارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتى. مەن ئانامنىڭ چۆچەكلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم. ھەر كۈنى ئۇخشىمىغان بىر

تېمىدا چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتى. چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يادلىۋالاتتىم. بەزىدە ئانامنىڭ ئىشلىرى چىقىپ قالغان چاغدا باشقا بالىلارغا ئۆزۈم چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەيدەمنى كېرىپ: ھە! قانداق؟ مەنمۇ چۆچەك ئېيتالايدىكەنمەنمۇ؟-دەپ ماختىناتتىم. مەكتەپ يېشىغىمۇ يېتىپ قالدىم. ئانام بىزنى ئاكام بىلەن بىللە مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. مەن ھەر كۈنى مەكتەپكە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بالىلارنى يىغىپ، ئانامنىڭ چۆچەك ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتۇق. ئانام كۈندۈزى ھېرىپ-چارچاپ، ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ۋايىسماي بىزنىڭ تەلپىمىزنى ئورۇنلايتتى ۋە يېڭى-يېڭى چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ چۆچەكلەرنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ سەبىي قەلبىمگە ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى: « شەھەر يەنى دۆلەتكە پادىشاھ تاللاش » ئىسمىدىكى چۆچەك ئىدى. بۇ چۆچەكتە مۇنداق مەزمۇن بايان قىلىناتتى: « مەلۇم بىر ئۇيغۇر شەھىرى-دۆلىتىنىڭ پادىشاھى قازا قىلىدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىز باسارى بولىدىغانغا ئۆز پۇشتىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتى بولمىغاچقا، شاھ ئوردىسىدىكىلەر ئاقىلانىلىك بىلەن خەلق ئىچىدىن شاھ تاللاشنى قارار قىلىشىدۇ. بۇ تاللاش مۇنداق بولىدۇ: پادىشاھ ئوردىسىدا بېقىلىۋاتقان بىر ھۇما قوشى بولۇپ، ئۇ ئاسمانغا ئۇچۇرماغا قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە بۇ ھۇما قۇشى كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ پادىشاھ قىلىنىش بېكىتىلىدۇ. بىر كۈنى پۈتۈن شەھەر خەلقى كەڭ مەيدانغا يىغىلىپ، ھۇما قۇشى قويۇپ بېرىلىدۇ. ھۇما قۇش ئايلىنىپ كېلىپ، بىر كەمبەغەل ياش يىگىتنىڭ بېشىغا قونىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىت پادىشاھ بولۇپ تاللىنىپ، دۆلەتنى ئادىل

باشقۇرۇپ، ئەلنى رازى قىلىدۇ.

مەكتەپتە ئوقۇش ۋە يېزىش ساۋاتىم چىققاندىن كېيىن ئەقلىممۇ ئۆسۈشكە باشلىدى. مەنمۇ ئانامدىن ئاڭلىغان چۆچەك-ھېكايىلارنى باشقا بالىلارغا سۆزلەپ بېرىشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئۇ زامانلاردا ئۆيلەردە تېلېۋىزور بولمىغاچقا، ئويناشقا چىققان بالىلار ئويۇنىمىز تۈگەپ ھاردۇق يەتكەندە بىر يەرگە يىغىلىپ چۆچەك ئېيتىشاتتۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە. مېنىڭ ئېيتىدىغان چۆچىكىم: شەھەر يەنى دۆلەتكە پادىشاھ تاللاش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يېشىم چوڭىيىپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ ئانامدىن دائىم: « ئانا نېمىشقا ھازىر بىزنىڭ پادىشاھىمىز يوق؟ بىزمۇ ھۇما قۇشىدىن بىرنى تېپىپ كېلىپ، ئۆزىمىزگە پادىشاھ تاللىساق بولمامدۇ؟ »-دەپ سورايتتىم. ئانام بۇنىڭغا ئېرىنمەي تۇرۇپ مۇنداق جاۋاب بېرەتتى: « بالام! ھۇما قۇشىنى ئەمدى تاپقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇر پادىشاھلىرىمىز ياتلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ھۇما قۇشىمۇ بىزگە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ياتلار بىزگە پادىشاھ تاللىغىلى قويمايدىغان بولۇشتى. بىزگە ئۆزلىرى پادىشاھ بولۇۋېلىشتى. ئانامنىڭ بۇ جاۋابىغا سەبىيلەرچە: ھەئە، شۇنداقمۇ دەپ قويىاتتىم-يۇ، ئەمما ئۆزۈمچە ئانامنىڭ جاۋابىغا قانائەت قىلمايتتىم. يەنە مۇنداق سوئاللارنى سورايتتىم: «ئانا! بىزنى نېمىشقا ياتلار بېسىۋالدۇ؟ نېمىشقا بىزنىڭ ھۇما قۇشىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ پادىشاھىمىزنى تاللىغىلى قويمايدۇ؟ ». ئانام بۇ سوئاللىرىمغا بەزىدە خاپا بولغاندەك قىلاتتى يۇ، يەنە مۇنداق دەيتتى: بالام! بۇنىڭ سەۋەبىنى مەنمۇ بىلمەيمەن! بىزدىن ئىلگىرىكىلەر، دانالار

بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتابلار يازغانمىش ۋە نەسىھەتلەرنى قالدۇرغانمىش! ئەمما كېيىنكىلەر كىتاب ئوقۇمايدىغان، نەسىھەت ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا، بىز خەق ئۆز پادىشاھىمىزنى تاللىيالمايدىغان بولۇپ قالدۇق!».

ھەئە، مۇنداقكەندە دەيتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە ھەمدە ئۇ كىتابلار نەدىدۇر؟ مەن ئۇ كىتابنى چوقۇم تېپىپ ئوقۇيمەن دەپ، پىچىرلاپ قوياتتىم. ئاشۇ ئىستەك تۈپەيلىدىنمىكىن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش ھاياتىمدىن باشلاپ، ھەر خىل تارىخىي ھېكايە، رومان كىتابلارنى ئوقۇشقا قىزىقىدىغان بولۇپ قالدىم. ھەمدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىجتىمائىي پەن كەسپىنى تاللاپ، ئىمتىھان بەردىم ۋە ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە كەسپىگە قوبۇل قىلىندىم. ئانام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن خۇشال بولۇپ، مېنى تەبرىكلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنسىرەپ قالدىمۇ-قانداق؟ يەنە نەسىھەتنى باشلىدى: ئوغلۇم دەيتتى ئانام-سىياسىي دېگەن بىر ھىيلە-مىكىردىن ئىبارەت! ئۇ ئىنتايىن رەزىل بولىدىغان نەرسە، سېنىڭ بۇ رەزىللىكلەر ئىچىدە ئۆزۈڭنى، ئىمان-ئېتىقادىڭنى يوقۇتۇپ،خەلقىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ كېتىشىڭدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلىمەن! مەن چۈشەنمىگەندەك قىلىپ نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز ئانا؟-دەپ سورايتتىم . ئوغلۇم!: دېدى ئانام يەنە-سەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ غۇلجىدا قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ھەئە، ئاڭلىغان ئانا-دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدىم. ئانام شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ قوي-دەپ،سۆزىنى داۋام قىلدى: بىز ئۇيغۇرلار ھېچقاچان ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئەمەس! پەقەت سىياسەتتە يېڭىلگەن يەنى سىياسىي سۆھبەت ئۈستىلىدە يېڭىلگەن.

چۈنكى، سىياسىي سۆھبەت ئۇستىلى ھىيلە-مىكىر بىلەن تولغان بولىدۇ، ئۇنىڭدا مۇرەسسە قىلدىڭمۇ؟ سەن ئۇتتۇردۇڭ دېگەن گەپ، بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ياش رەھبەرلىرىمىز بەڭباشلىق قىلىپ، مۇرەسسە قىلىپ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئازغىنە نەرسىلەرگە تېگىشىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار قانداقتۇر بىر ئىزىملەرگە يەنى كوممۇنىزمغا سوتسىيالىزمغا ئىشىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار كېيىن كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزمنىڭمۇ بىر ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندە بولسا كېچىكىپ قالغان ئىدى. بۇ نېمىدىن؟-دەپ، سوئال قويدى ئانام ماڭا يەنە، بۇ ۋاقىتتا مەن ئانامغا يەنە قانداق يېڭىلىقلارنى ئاڭلارمەن؟ دېگەن ئۈمىدتە كۆزىگە قارىغان ئىدىم. ئانام ماڭا يەنە مۇنداق دېدى دېگەن ئىدى: ئوغلۇم! بۇلارنىڭ ھەممىسى-بىزنىڭ تارىخىمىزنى ئۇنتۇغانلىقىمىزدىن، تارىخنى ياخشى بىلمىگەنلىكىمىزدىن كېلىپ چىققان. چۈنكى، تارىخ بىر ئەينەكتۇر! كىمكى ئۇ ئەينەككە ياخشى قاراپ، ئۆزىنىڭ يۈز-كۆزىدىكى چاپاقلارنى ئېلىۋالالمىسا، ئۇ ئەينەككە قارىغانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ!

شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغلۇم!-سەن سىياسەتنى ئوقۇش بىلەن بىللە تارىخنىمۇ ياخشى ئوقۇشۇڭ كېرەك!-دېگەن ئىدى ئاخىرىدا. ئانامنىڭ بۇ گېپى مېنىڭ قەلبىمگە خۇددى ئالتۇن تامغا بېسىلغاندەك بېسىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا سىياسەت پەنلىرىنى ئوقۇش-ئۆگىنىش بىلەن بىللە تارىخنىمۇ بىللە ئوقۇغان، ئۆگەنگەن ئىدىم. تارىخىي رومانلارنى ئوقۇدۇم ۋە تارىخىمىزنى باشتىن ئاخىرغىچە بىر ۋاراقلاپ چىقتىم. شۇنىڭدىن كېيىن چۈشەندىمكى، بىز بېشىمىزغا كەلگەن

تارىخىي پاجىئەلەردىن توغرا ساۋاق ئالمىغان ئىكەنمىز! شۇڭلاشقا، ۋەتىنىمىزدە مۇشۇ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا قۇرۇلغان ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيىتىمىز ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماي، ئىچكى تاشقى-دۈشمەنلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى بىلەن مەغلۇپ بولغان ئىكەن.

مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى ئانام تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى كېسىلى سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. ئانامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەتىنى ئاڭلاش ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئانامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر مەزگىل چۈشكۈنلىشىپ يۈرگەن بولساممۇ، كېيىن يەنە ئانامنىڭ ماڭا قانداق ئېسىل نەسىھەتلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يەنە ئەسلىمگە قايتىشقا باشلىدىم. دائىم ئويلايدىغىنىم: ئانام ماڭا قانداق نەسىھەت قىلار ئىدى دېگەن سوئالدىن ئىبارەت ئىدى. ئويلا-ئويلا ئاخىرى ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب تاپتىم. بەلكى ئانامنىڭ ئاخىرقى نەسىھەتى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئىدى: ئوغلۇم تارىخ تەكرارلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخنى ياخشى ئۆگىنىشىڭ كېرەك! ئۆزىنىڭ تارىخىنى، ئۆتمۈشىنى بىلمىگەن مىللەت ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ!

# مېنىڭ ئاتام

ئاتا دېگەن تاغ ئىكەن. ئانا دېگەن باغ ئىكەن دەپتىكەن ئەجدادلىرىمىز. ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. ئاتا-بىر پەرزەنت ئۈچۈن تاغدەك بايلىق، تاغدەك بۈيۈك بىر گەۋدە سۈپىتىدە بىلىنەتتى. ئۇ تىنىمسىز قىلغان ئەمگەك-مېھنىتى بىلەن پەرزەنتلىرىنى بېقىپ-تەربىيەلەپ، ئۆزىدەك گىگانت ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقاتتى. مەندەك ساغلام-تىمەن چوڭ بولسۇن دەپ، ئۇنىڭغا كىچىكىدىن كۆيۈنۈپ، ئاۋايلاپ پەرۋىش قىلىپ، ئۆزىدەك چوڭ ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايتتى. بىز پەرزەنتلەر ئاتىمىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىمىزنى تاغدەك بىر يۆلەنچۈكىمىز بار دەپ، ھېچنېمىدىن قورقمايتتۇق، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايتتۇق! ھەممە نېمىدىن پەرۋاسىز ياشايتتۇق. ئاتىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىساق دەپ ئويلايتتۇق. چوڭ بولغان چاغدا ئاتىمىز پەرزەنتىنىڭ ئۆزىدەك يىگىت بولغانلىقىنى كۆرگەندىلا، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھاردۇقى چىقاتتى ۋە خاتىرجەم بولۇپ، ئەمدى بۇ دۇنيادىن كەتسەممۇ ئارمانىم يوق دەپ ئويلايتتى.

بىز پەرزەنتلەر بۇنى چۈشەنگەندە بولسا ئالللقاچان ئاتىمىز ئۇ دۇنياغا كەتكەن بولاتتى ياكى قېرىپ مۈكچىيىپ، بۇ دۇنيانىڭ جاپا مۇشەققەتلەرگە چىدىيالمايدىغان، بېلى يادەك ئېگىلىپ، ھاسا تاياقتا ماڭىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالاتتى-دە، پەرزەنتلىرىنىڭ بېقىشىغا موھتاج ھالغا قالاتتى. بىز ۋاپادار پەرزەنتلىرى بولساق، ۋاپادارلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتىمىزنى تا بۇ ئالەمدىن كەتكۈچە بېقىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشاتتۇق. ئاتىمىزنىڭ ئۇ دۇنياغا كەتمەسلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ:«ئۆلمىسە ئىكەن، يەنە بىر مۇددەت بىز بىللە ياشىسا ئىكەن» دەپ ياي-پېتەك بولاتتۇق.

مېنىڭ ئاتام ئۆزگىچە بىر ئادەم ئىدى. ھېكايە ۋە تارىخ سۆزلەشكەن ماھىر ئىدى. تولۇق بولمىسىمۇ ئۆزىنىڭ بوۋىسى ۋە بوۋىسىنىڭ بوۋىلىرى بولۇپ بىر نەچچە ئەجدادىنىڭ تارىخنى ئوبدان بىلەتتى. ئەل ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا لەقىمىنى ئاتاپ:«كۆك» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، ئاتامنىڭ ئەجدادلىرى ئەسلى قۇمۇللۇق ئىكەن. ئاتامنىڭ بىزگە ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە مېنىڭ ئاتامنىڭ بوۋىسى ۋە چوڭ بوۋىسى ئەسلى قۇمۇل شەھەرگە يېقىن بىر يېزىدىن بولۇپ، قۇمۇلدا يۈز بەرگەن «تورپاقلار يېغىلىقى» دېيىلگەن قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەر يەرگە پىتىراپ قېچىشقا باشلىغان ئىسيانچىلار قاتارىدا بىر بۆلۈك ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن كۇچا ئەتراپىغا كېلىپ يەرلەشكەن ئىكەن. كېيىن ئۇلاردىنمۇ يەنە بىر قىسمى ھازىرقى توقسۇ ناھىيەسىگە بۆلۈنۈپ ئورۇنلىشىپتۇ. ئاتامنىڭ يەنە دەپ بېرىشىچە، ئاتامنىڭ ئاتىسى يەنى

بوۋام قارى-قۇرئان ئادەم بولۇپ، خەلپەت دەپ ئاتىلىپ، ئۆز ئۆيىدە ۋە مەدرىسىلەردە بالا تەربىيەلەپ، دىنىي ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئىكەن. ئاتاممۇ ئاتا-بوۋىسىنىڭ تەسىرىدە، مۇرەتتەپ قارىم دەرىجىسىگىچە دىنىي تەلىم ئالغان بولۇپ، مەھەللىدىكىلەر ۋە تەڭ قۇرداشلار ئاتامنى ئىمىن قارى دەپ چاقىراتتى. ئاتام ئون بەش-ئون ئالتە ياشلىرىدا قارىلىقنى تۈگىتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى جەنۇبى شەرقىي تۈركىستاندا مەشھۇر بولغان كۇچادىكى داڭلىق ساق-ساق مەدرىسىگە بېرىپ ئوقۇغان ئىكەن. ئاتام ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇشنى باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەي كۇچادا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، موللا-ئۇستازلىرى شىڭ شىسەي دېگەن مەلئۇن مىلىتارىست تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىلگەن ئىكەن. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن بوۋام ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىپ ئاتامنى كۇچادىن قايتۇرۇپ كېلىپ: باللىرىم ئەمدى ئوقۇشنى توختىتىڭلار! ئاخىرقى زاماندا ئىلىم ئەھلىلىرى خارلىقتا قالىدۇ. ھۈنەر ئۆگىنىپ قويۇڭلار دەپ، تىككۈچىلىك ھۈنىرىگە شاگىرتلىققا بەرگەن ئىكەن. ئاتام تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش باشلىغان ۋاقىتلاردا خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان ۋاقىتقا توغرا كېلىپتۇ، خىتاي كوممۇنىستلىرى كوللېكتىپلاشتۇرۇش باھانىسىدا بارلىق كەسىپ-ھۈنەرۋەنلەرنى بىر يەرگە يىغىۋېلىپ، كوللېكتىپ ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتام قول سانائەت بىرلەشمىسى دېگەن نامدىكى كارخانىنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىغا ئورۇنلىشىپتۇ، ئاتام ھەم ساۋاتلىق، ھەم ھۈنەرنى ياخشى ئۆگەنگەن بولغاچقا، كارخانىنىڭ باش

كېسىمدارى(ئۆلچەپ كەسكۈچى) بولۇپ ئىشلەپتۇ، ئەمما كىشىلەر ئاتامنى ئىمىن جۇرۇن ( دىرېكتور) دەپ ئاتايتتى . ئەمەلىيەتتە ئاتام رەسمىي دىرېكتور ئەمەس ئىدى. بۇ تىكىمچىلىك كارخانىسىنىڭ روزى جۇرىن ئىسىملىك بىر دىرېكتور بولۇپ، ئۇ كىشى چالا ساۋات بولسىمۇ، قىزىل ئاكتىپ بولۇپ خىزمەت قىلغاچقا ۋە كومپارتىيە ئەزاسى بولغاچقا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن دىرېكتورلۇققا تەيىنلەنگەن ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ كارخانىنى ئاتام ئىمىن جۇرىن دېگەن نامى بار،دەپتەردە يوق ئەمەل بىلەن كۆپ باشقۇراتتى . ئەمما، ئاتامغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مائاش بېرىلمەيتتى. بىز ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭدىن سورىساق شۇنداق جاۋاب بېرەتتى: بولۇپتۇ بالىلىرىم! مەن رەسمىي دىرېكتور بولمىسامۇ خەلقنىڭ خالىس خىزمىتىنى قىلىشتىن قاچمايمەن. ۋە يەنە بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا توختىلىپ، مۇنداق ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: ئاتام بوۋامنىڭ تەسىرىدىن دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك چوڭ بولغاچقا، ئىدىيىسى ناھايىتى مۇتەئەسسىپ ئىدى. كوممۇنىستىك پارتىيەگە كىرىشنى ۋە ھۆكۈمەت ئورنىدا ئەمەل تۇتۇپ ئىشلەشنى خالىمايتتى. بىر قېتىم خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتامنى بۇ كارخانىغا رەسمىي دىرېكتور قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولۇپ، پارتىيەگە ئەزا بولۇشنى تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئاتام بۇنى رەتمۇ قىلماي قوبۇلمۇ قىلماي بىر ئامالىلار بىلەن ئارقىغا سۆرەپ، كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولۇپ كىرىشنى خالىماپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسمىي دىرېكتورلۇققا تەيىنلەنمەي خەلق ئىچىدە نامدىكى دىرېكتور بولۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپ كەلگەن ئىكەن. ئاتام بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بىزگە

مۇنداق دەيتتى: كوممۇنىستىك پارتىيە-دىنسىزلارنىڭ، كاپىرلارنىڭ پارتىيىسىدۇر. بۇ پارتىيەگە ئەزا بولۇپ كىرگەنلىك ئىماندىن چىققانلىق بولىدۇ. ئادەم مۇرتەت ۋە مۇناپىق بولۇپ كېتىدۇ. ئاتام شۇنداق ئېغىر قىيىنچىلىق كۆڭلىدىمۇ نامىز ۋە ئىبادەتنى تاشلىمايتتى. ئەڭ ئازىدا بىر ۋاقلىق نامازنى كەم قىلماي ئوقۇيتتى . قۇرئان كۆيدۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ،بىزنىڭ ئۆيدىكى قۇرئانلارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرمەي يوشۇرۇپ ساقلاپ قالغان ئىدى.

ئاتام ئەۋلادلارنىڭ دىندىن ساۋاتسىز قېلىشىغا قاتتىق قارشى چىقاتتى. باللارنىڭ پەننى مەكتەپتە ئوقۇشىغىمۇ ئانچە بەك قوشۇلۇپ كەتمەيتتى. دائىم مەن ئاتامنىڭ چوڭ ئاكىلىرىم بىلەن مەكتەپتە ئوقۇشنى توختات، ھۆنەر ئۆگەن، دىنىي ئوقۇشنى تاشلىما، مۇستەقىل يول تاپ دېگەندەك جېدەللەرنى قىلىشقانلىقىنى ئاڭلايتتىم . ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋە ئەلاچى ئوقۇۋاتقان ئىككى ئاكامنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، بىرسىنى موللىغا، بىرسىنى ھۆنەرۋەنچىلىككە بەرگەن ئىدى. مەنمۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، نەچچە ئون قېتىملاپ ئاتامنىڭكى دىنىي ئوقۇشنى باشلا، پەننى ئوقۇشنى تاشلا! مەن كەلگۈسىدە سېنى مىسىرغا ئېلىپ چىقىپ ئوقۇتىمەن دېگەن بېسىملىرىغا دۇچ كەلگەن ئىدىم.ئۇ مېنىڭ دائىم دىنى ئوقۇشۇمنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىز پەننى مەكتەپتە ئوقۇساق، كەلگۈسىدە دىندىن چىقىپ، مۇرتەت بولۇپ كېتىدىكەنمىز،ئۇ بىزنىڭ مۇرتەت بولۇپ كېتىشىمىزنى بەكمۇ يامان كۆرەتتى. باللار مۇرتەت بولۇپ كەتسە

مۇناپىق بولۇپ، ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارايتتى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا بىر قېتىم خىتاي تىلى دەرسىنى تەكرار قىلىۋاتسام،خىتاي تىلى كىتابىمنى چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ تىلىنى ئوقۇغىنىڭنىڭ نېمىگە پايدىسى بار دەپ قارايتتى.

ئاتام بەكمۇ ئىخلاسمەنلىك بىلەن مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلاتتى. ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئۆز دىنىي ئېتىقادى، تىلى بىلەن ياشاپ كەلگەن، ھېچكىم ئاچ قالمىدى. رىزقىنى ئاللاھ بېرىدۇ دەپ قارايتتى . ئاتا مېنى دائىم ئوتتۇرا مەكتەپنى توختىتىپ، دىنى ئوقۇشقا بېرىمەن دەپ ئاۋارە قىلاتتى. تەلىيىمگە ئۈچىنچى ئاكام ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالغان بولغاچقا،ئۇنىڭ ئاتامنىڭ پىكرىگە قارشى چىقىشى ۋە مېنىڭ پەننىي مەكتەپنى ئوقۇشۇمنى داۋام قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنى تولۇق پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ئىدىم.

مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە بارىدىغانلىقىمدىن ئاتام ھېچ خوشلانمىغان ئىدى. ئانام بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ئىدى. ئاتام مېنىڭ ئالىي مەكتەپنىڭ سىياسىي نەزەرىيە كەسپىگە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھە! ئەمدى يالغان سىياسەت قىلىدىغان ئەمەلدار بولماقچى بولۇپسەنده دەپ، بۇ كەسپتە ئوقۇشۇمغا نارازى بولغان ئىدى. كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى، ماركسىزم-لېنىنىزمنى قەتئىي ياقتۇرمايتتى. بۇ بالا بىزگە مۇشۇ كوممۇنىستلاردىن كەلگەن، كوممۇنىستلار بىزنى يالغانچىلىق قىلىپ، ئالداپ سوۋېت بىلەن بىرلىشىپ بېسىۋالغان! بولمىسا بىزنىڭ

مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتىمىز بولاتتى دەپ قارايتتى.
ئاتام يەنە قەشقەردە قۇرۇلغان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ تارىخىنى، تۆمۈر سىپىلىڭ، خوجىنىياز ھاجىملارنىڭ ھېكايىسىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخىنى بىلەتتى. ئېلى خان تۆرىنى توغرا قىلغان، ئەخمەتجان قاسىملار خاتا قىلدى. كېيىنكىلەر خىتايلارغا ئالداندى دەپ قارايتتى . شۇ سەۋەبتىن كېيىن ئاتام ماڭا سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇماي، تارىخ ئوقۇغان بولساڭ ياخشى بولاتتىمكىن دەپ، نەچچە قېتىم دېگەنلىكىنى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مالىيە مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانلىقىمدىن خۇشال بولغان ئىدى. ئەمما ئاتامنىڭ ۋاقىتسىز قازا قىلىپ كېتىشى بىلەن توقسۇنغا يۆتكىلىپ كېلىپ پارتىيە مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشقىنىمدىن خاپا بولغان ئىدى. قانداق يەر ئۇ پارتىيە مەكتەپ دېگەن بىلەمسەن؟ دىنىنى سۆيمەيدىغان كوممۇنىست ئەمەلدارلارنى تەربىيەلەيدىغان جاي ئۇ دەپ، ماڭا قانچە قېتىم تەنبىھ بەرگەن ئىدى. ماڭا ئۇ يەردە مۇرتەت بولۇپ كېتىسەن دەپ تەنبىھ بەرگەن ئىدى.
نىھايەت! ئاللاھقا شۈكرىكى، مەن پارتىيە مەكتەپتە بىر مەزگىل ئىشلىگەن بولسامۇ ئاتامنىڭ ئەندىشە قىلغىنىدەك كوممۇنىست مۇرتەت بولۇپ كەتمىگەن ئىدىم. ناھىيەلىك پارتىيە مەكتىپىدە چوڭلارنى ئوقۇتۇشنى نىشان قىلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەمما مەن ناھىيەلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋە ناھىيەلىك دېھقانچىلىق پەن-تېخنىكا مەكتىپىدە قوشۇمچە دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىنىپ، دائىم سىرتلاردا دەرس ئۆتۈپ يۈرگەن ئىدىم. پارتىيە مەكتەپتە بىر نەچچە يىل ئىشلەش جەريانىدا

ئاستا ـئاستا پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ھەقىقەتەن ئاتام ئېيتقانـدەك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مۇرتەت كوممۇنىستلارنى تەربىيەلەيدىغانلىقىنى ،كوممۇنىزم ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. شۇ سەۋەبتىن ھېچقاچان پارتىيە ئەزالىقىغا ئىلتىماس قىلمىدىم ۋە قوبۇل قىلىنمىدىم. ئەكسىچە توقسۇدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلابىي ئىدىيەسى كۈچلۈك دوستلار بىلەن مۇنازىرە قىلىپ، ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن چىقىش يولى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ئىدۇق، ئاخىرى بىز ئىدىيەسى ئىلغار ۋە پىكىرداش بەش ـئالتە دوستلار بىلەن بىرلىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ھەققانىيەتچىلەر پارتىيەسى» ناملىق بىر تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىققان ئىدۇق. بۇ مېنىڭ مۇرتەت بولۇپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن ئېلىنغان بىرىنچى قەدەم ۋە ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە قەدەم قويغانلىقىمنىڭ باشلىنىشى بولغان ئىدى. ئىتتەكىم! بىزنىڭ توقسۇدا قۇرغان تەشكىلاتىمىز ۋە قىلغان پائالىيەتلىرىمىز ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، بىر قىسىم رەھبەرلىرىمىز ۋە پارتىيە ئەزالىرىمىز تۇتقۇن قىلىنغان ئىدى. مەن بەختكە يارىشا ئىچكىرىگە قېچىپ بېرىپ،بىر مەزگىل يوشۇرۇنغاندىن كېيىن، چەتئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئىدىم. چەتئەلگە چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەزگىل پاناھلانغاندىن كېيىن گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىگە كېلىپ، پاناھلىق تىلەپ مۇشۇ شەھەرگە ئورۇنلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر مەھەل ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالغان ئائىلەم بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدىم. تېلېفوندا ئاتام بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ

ماگا: ئوغلۇم! مەن سەندىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى! ئاللاھ ساگا ساغلاملىق، ئىمان-ئېتىقاد ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن! ماڭغان يولۇڭ ئوچۇق، مەنزىلىڭ پارلاق بولسۇن دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئاتام ئۇزاق قالماي كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ كەتتى. كېيىن بىر ئاكامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئاتام مەن قېچىپ يۈرگەن مەزگىللەردە مەن ئۈچۈن ھەر كۈنى دېگۈدەك دۇئا قىلغان ئىكەن. مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشىم، ئاتامنىڭ دۇئاسىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. دېمەك، مەن ئاتامنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشكەن ئىدىم. شۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن ھازىرغىچە تېنىم سالامەت ياشاۋاتىمەن. مىللىتىم ئۈچۈن، ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمەن. ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇنكى، مەن ئاتامنىڭ ئارزۇسىدىكى بالىسى بولغان ئىدىم.

## قەھرىمانلارنىڭ تۇغۇلۇشى – زۇلۇمنىڭ بوغۇلۇشى

بىز ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەت مۇستەملىكىدە ياشىغاچقا ۋە تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاچقا، بىزدىن ناھايىتى كۆپ قەھرىمانلار چىققان ئىدى. بىز ئۇ قەھرىمانلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلىدۇق، ئۇلارغا چوقۇندۇق، ئۇلارغا شان-شەرەپ بەردۇق. ئۇلارنى يول باشچىمىز قىلدۇق، ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدۇق. شۇنداق بولغاچقا بىزدە قەھرىمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئانىلىرىمىز ھەر زامان باتۇر-قەھرىمانلارنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ تۇردى. بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادىمىز بولغان ئوغۇزخان بوۋىمىز بىر باتۇر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن ئەجدەرھا دېگەن مەخلۇقنىڭ نەسلىدىن بولغان ۋەھشىي ھايۋان قىئاتنى ئۆلتۈرۈپ، ئوغۇز نەسلىنى كەڭ تەبىئەتكە ھۆكۈمران قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ قەھرىمان ئەۋلادلىرى ھەر ۋاقىت دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ تۇردى. ئاتىللادىن-باتۇر تەڭرىقۇتقىچە، ئافراسىياپتىن – ئالىپ ئارسلانغىچە بولغان باتۇرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قورقماس-قارامىلىقى، چېۋەر-چەبدەسلىكى ۋە ئەقىل پاراسەتلىكلىكى بىلەن دۇنيادا بۈيۈك ئىمپىراتورلۇقلارنى قۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ

ئەۋلادلىرى بولسا ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىدىن بېسىپ مېڭىپ، كەڭ موڭغۇلىيە ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى، قاراخانىيلار دۆلىتى، خارەزىم دۆلىتى، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى، غەزنەۋىيلەر دۆلىتى،بابۇر خاندانلىقى، سەئىدىيە خاندانلىقى قاتارلىق بۈيۈك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، دۇنياغا چوڭ تەسىرلەردىن كۆرسەتكەن ئىدى. بۇلار شۇ ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ باتۇر ۋە قەيسەرلىكىدىن،ئىناق ۋە ئىتتىپاقلىقىدىن قولغا كەلدى، ئەلۋەتتە!

باتۇر ۋە قەھرىمانلىق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ باتۇر ۋە قەھرىمان بولۇپ يېتىشكەن ئىدى. ئاشۇ باتۇر-قەھرىمانلىرىمىزنىڭ پىداكارلىقى، جەسۇرلىقى ۋە ئاقىلانە يول باشچىلىقى بىلەن ئەجدادلىرىمىز موڭغۇل ئىستېلاسىغا قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلدى. چىن تۆمۈر باتۇر ئاشۇ موڭغۇل ئىستېلاسىغا قارشى كۈرەش جەريانىدا يېتىلگەن، تۆھپە قوشقان ۋە قۇربان بولغان تۈمەنلىگەن قەھرىمانلىرىمىزنىڭ سىمۋولى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان چىن تۆمۈر باتۇرلار يېتىشىپ چىقتى. بىز ئەۋلادلار ئۇلارنىڭ روھىدىن ئوزۇق ئېلىپ، يەنە نۇرغۇن باتۇر-قەھرىمانلاردىن يېتىشتۈرۈپ، دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارنى تۇپراقلىرىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ، خەلقىمىزنىڭ تىنچ-ئامانلىقى ۋە پاراۋانلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدۇق. ناۋادا ئاشۇ قەھرىمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇق روھى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولسا، بىزنىڭ ھازىرقى كۈرەش روھىمىزمۇ شەكىللەنمىگەن بولاتتى.

باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىق ئۇيغۇر خەلقىگە

ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۇدۇم بولۇپ قالدى. ئۇلار بىر نەچچە ئەسىر داۋام قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن كېيىن، ئاستا-ئاستا ئاجىزلىششقا باشلىدى. ئاپاق غوجىدەك خائىن- مەلئۇنلارنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرقى دۆلىتى بولغان سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار مۇستەملىكىچىلىككە چۈشۈپ قالدى. ئەمما قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقى بۇ مۇستەملىكىچىلىككە ھېچقاچان تىز پۈكمىدى. چۈنكى ئۇيغۇر ئانىلىرى باتۇرلارنى تۇغۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى. ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا باش كۆتۈرگەن مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر دۆلىتىنى بېسىۋالغان موڭغۇل غالدان خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇيغۇر دۆلىتىنىمۇ يۇتىۋالغان ئىدى. زالىم مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ۋەتىنىمىزگە يۆتكەپ كەلگەن تۈمەنلىگەن ئەسكەر ۋە ساقچىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىپ، خەلقىمىزنى بۇ يەرلەردە ئاشلىق تېرىشقا مەجبۇرلاپ، تۈگىمەس ئالۋان-ياساق ۋە ھاشارلارغا تۇتۇپ ئېغىر زۇلۇم سالغانىدى، بۇ ئېغىر زۇلۇملارغا چىدىمىغان خەلق ئاخىرى باتۇر پەرزەنتى سادىر پالۋاننى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلدى.

سادىر پالۋاننىڭ ئاتا-بوۋىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن دىيارىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئىلى دىيارىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن تارانچىلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. كىچىكىدىنلا جاپا-مۇشەققەتتە ۋە زۇلۇم ئىچىدە چوڭ بولغان سادىر ئون بەش ياشقا كىرە-كىرمەيلا مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرۈشكە ئاتلانغان ئىدى. ئۇ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تۈرمىگە قامالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ

باتۇر ۋە چېۋەرلىكى بىلەن تولۇمە تاملىرىنى تېشىپ قېچىپ چىقىپ، كۆندۈزى تاغلاردا، ئاخشىمى باغلاردا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن ئىدى. ئۇ ئاخىرىدا ئىلىدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا زور ئاساس سالغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سادىر خەلق ئىچىدە پالۋان ئاتىلىپ، خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى. ئۇ ئەلاخان سۇلتاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئەمەل-مەنسەپ تۇتۇشقا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى رەت قىلىپ يەنىلا بىر قەھرىمان سۈپىتىدە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، بىر پۈتۈن سۈپىتىدە خەلق ئىچىدە ياشىدى ۋە تارىختىن شەرەپلىك ئورۇننى ئالدى.

گەرچە ئىلى سۇلتانلىقى رۇسلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، بىر مەزگىل بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن يەنە چىڭ سۇلالىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلقى يەنە مۇستەملىكە ئاستىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشنى بىر دەقىقىمۇ توختىتىپ قويمىدى. چۈنكى ئۇيغۇر ئانىلىرى يەنە نۇرغۇنلىغان سادىر پالۋانلارنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجى، تۆمۈر ئېلى، مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتى قاتارلىق قەھرىمانلار ۋە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، سابىت داموللام قاتارلىق سىياسىيون داھىيلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. زۇلۇمغا ئۇچرىغان خەلق ئاشۇ قەھرىمانلارنى بېشىغا كۆتۈرۈپ، داھىيلىرىغا ئەگىشىپ، چوڭ قوزغىلاڭلار

ئارقىلىق زۇلۇم سالغۇچى ھۆكۈمرانلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تارىختا تۇنجى قۇرۇلغان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بولغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

تارىخىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان بۇ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئىككى ۋە تاشقى دۈشمەن كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك مەۋجۇتلۇقىدىن كېيىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھېچقاچان مۇستەقىللىق ئىرادىسىدىن ۋاز كەچمىدى. مۇستەملىكىچىلىككە بويسۇنماسلىق ۋە ئۆزىنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى، ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۇدۇم ئىدى. شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى يېڭى ئىشغال قىلغان مۇستەملىكىچىلەر بىر دەقىقىمۇ، خاتىرجەم ياشاپ باقمىدى. بۇ باتۇرلار زېمىنىدا قارشىلىق ھېچقاچان توختاپ قالمىدى. ھەر ئون يىلدا چوڭ بىر قوزغىلاڭ، ھەر تۆت-بەش يىلدا كىچىكرەك قوزغىلاڭلار ۋە ھەر يىلى، ھەر ئاي، ھەر كۈندە قارشىلىقلار بولۇپ تۇردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان باتۇرلىرى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

قانخور مىلتارىست شىڭشىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى، خەلققە سالغان ئېغىر زۇلۇمى يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. قەھرىمانلار تۇشمۇ-تۇشتىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتلىرى بولغان غېنى باتۇر، پاتىخ باتۇر، ئەكبەر باتۇر

قاتارلىقلار نىلقا دىيارىدا دۈشمەنلەرگە قارشى قوزغىلاڭنى باشلىۋەتتى. ئۇلار خەلققە يېتەكچىلىك قىلىپ، نىلقىدا كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ قىلىش ئارقىلىق ئاۋۋال نىلقا ناھىيەسىنى ئازاد قىلدى. ئاندىن غۇلجا شەھرىدىكى قەھرىمان باتۇرلار بىلەن بىر ھەمكارلىشىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا غۇلجا شەھرى ۋە پۈتۈن ئىلى دىيارىنى ئازاد قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ چىقىلدى. خەلق پەرزەنتى غېنى باتۇر قەھرىمان ئاتىلىپ، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئازادلىق كۈرىشىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى .

تارىخىمىزدا قۇرۇلغان بۇ ئىككىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيىتىمىز تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىرلىشىپ، مۇداخىلە قىلىشى بىلەن بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەندىن كېيىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىدى. ئوسمان باتۇر بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلىپ، ئاخىرىدا قولغا چۈشۈرۈپ قېلىپ، خىتايلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىز پۈكمەس ئىنقىلابىي روھى خەلقىمىزگە ھەر زامان روھىي ئوزۇق بولۇپ كەلدى.

خەلق قەھرىمانلىرىدىن غېنى باتۇر ۋە دانا يول باشچىلاردىن ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىيلار قۇرغان مىللىي ئارمىيە خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىك كۈرىشىنىڭ روھىي بىلەن يۇغۇرۇلغان جەڭگىۋار ئەزىمەت-ئوغلانلىرىنىڭ بىر قوشۇنى ئىدى. بۇ قوشۇندا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەركىنلىككە

بولغان ئۇمىدىنى يوقاتمىغان ئابدۇرىشىت ئىمىنوپ، ئاخۇنوپ، مىجىت قوماندان قاتارلىق قەھرىمانلىرى مەۋجۇت ئىدى. مۇشۇنداق باتۇر-ئەزىمەتلەردىن تەركىب باققان تېز پۈكمەس بۇ قوشۇن 11 يىلدىن ئىبارەت بىر سىياسىي ئالدامچىلىق بىلەن ماناس دەرياسىدا توختىتىپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى، ئىرادىسىنى يوقاتمىغان ئىدى. ئۇلار خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بىر ئالدامچى ۋە قانخور ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىپ، مۇستەقىللىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار : « خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا بويسۇنۇپ، رۇسلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭ ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىست ئالۋاستىلىرىنى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا بەل باغلىغان ئىدى. ئەپسۇس يەنە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى قىلغان رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋەدىسىنى يېنىۋېلىپ، ئىنقىلابىنىڭ پىلانىنى خىتايلارغا پاش قىلىپ قويۇشى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئۇ بىر قېتىملىق خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ۋە باتۇرلىرىنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەيدىغانلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىدى.

زۇلۇمنىڭ بوغۇلۇشى ئۈچۈن قەھرىمانلىرىنىڭ تۇغۇلۇشى شەرت ئىدى. ئۇيغۇر ئانىلىرى قەھرىمان تۇغۇشنى ھېچبىر زامان ئۇزۈپ قويمىدى. 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ

قەھرىمـان تۇغۇشـنى ئـۈزۈپ قويماقچـى بولۇشـتى. ئەممـا، ئۇيغـۇر ئانىلـرى بـۇ سىياسـەتنى تامامـەن قوبـۇل قىلمـىدى. چۈنكـى بۇنـداق بولغانـدا ئۇيغـۇر ئانىلـرى قەھرىمانلارنـى ئـاز تۇغـۇپ قويۇشـى مۇمكىـن ئىـدى. ئۇيغـۇر ئانىلـرى ھېچقاچـان پىلانلىـق تۇغۇتقا بويسـۇنۇپ بىـر ئىككـى بـالا بىلـەن توختـاپ قالمـىدى. ئـۇلار قەھرىمـان بولـۇپ تۇغۇلۇش ئېھتىمالـى بولغان ھامىلىلىرىنـى دۇنياغـا ئاپىرىـدە قىلدۇرۇش ئۈچۈن يوشـۇرۇن- مەخپىـي تاغ-ئورمانلارغـا قېچىـپ بولسـىمۇ، قەبرىسـتانلىقلارنى قەلئـە قىلىـپ بولسـىمۇ، يەنـىلا قەھرىمانلارنـى تۇغۇشـنى داۋاملاشـتۇردى. ئۇيغـۇر ئانىلـرى ئۆزىنىـڭ قەھرىمـان تۇغۇشـتىن ئىبـارەت مۇقـەددەس بۇرچىنـى ھېچقاچـان ئۇنتـۇپ قالمىغـان ئىـدى. قەھرىمانسـىز بـۇ مىللەتنىـڭ يوقۇلـۇپ كېتىدىغانلىقىنـى ئـۇلار بەكمـۇ ياخشـى بىلەتتـى.

نىھايـەت ئۇيغـۇر ئانىلـرى يەنـە نۇرغـۇن قەھرىمانلارنـى دۇنياغـا ئاپىرىـدە قىلـدى. ئۇيغـۇر ئانىلـرى تۇغقـان ۋە ئۆسـتۈرگەن زەيـدۇن يۈسـۈپ باشـچىلىقىدىكى بارىـن قەھرىمانلىـرى قوزغىلىـپ چىقىـپ، خىتـاي تاجاۋۇزچىلىرىنىـڭ، پىلانلىـق تۇغـۇت ۋە مۇسـتەملىكىچىلىك سىياسـىتىنى رەت قىلىـپ، ئۇلارغـا قارشـى ئـۇرۇش ئېـلان قىلغـان ئىـدى. بارىنـدا قوزغىلىـپ چىققـان بىـر نەچچـە يۈز قەھرىمان-نەچچـە ئـون مىـڭ كىشـىلىك خىتاي ئارمىيەسـىگە قاقشـاتقۇچ زەربـە بېرىـپ، ئۇيغـۇر خەلقىنـىڭ قەھرىمانلىرىنـىڭ يەنـىلا مەۋجـۇت ئىكەنلىكىنـى، ۋەتىنىنـى ئـازاد قىلىـش ئىرادىسـىدىن يانمايدىغانلىقىنـى، خىتـاي تاجاۋۇزچىلىرىغـا جـەڭ ئېـلان قىلىـش ئارقىلىـق كۆرسـىتىپ قويـدى. گەرچـە بارىنـدا ئۇيغـۇر ئانىلـرى تۇغقـان قەھرىمانـلار بوۋاقلارغىچـە قـەدەر قىرغىـن قىلىنغـان بولسـىمۇ، ئۇيغـۇر ئانىلـرى يەنـىلا

قەھرىمان تۇغۇشتىن ۋاز كەچمىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغان ئىلى دىيارى قەھرىمانلارنى تۇغىدىغان ئانىلارنىڭ ماكانى ئىدى. غۇلجىدا ئۇيغۇر ئانىلىرى يەنە نۇرغۇن قەھرىمانلارنى تۇغۇپ يېتىشتۈرگەن ئىدى. بۇ قەھرىمانلار يەنە كۈرەشكە ئاتلاندى.1997 -يىلى غۇلجىدا ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىت، ئابدۇسالام قاتارلىق يۈزلىگەن قەھرىمانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، خىتاي تاجاۋۇزچى ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىمىزنى، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلغانلارغا قارشى مەيدانغا تۆكۈلدى. بۇ غۇلجا قەھرىمانلىرى نۆلدىن تۆۋەن يىگىرمە-ئوتتۇز گرادۇسلۇق سوغۇقتا قارىماستىن نامايىش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئەمما خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە قوراللىق باستۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى قىرىپ تۈگەتمەكچى بولۇش بولۇشتى. لېكىن،غۇلجا قەھرىمانلىرى ئۇنىڭغا تىز پۈكمىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىسىمۇ، زامانىۋى قوراللانغان خىتاي ساقچى-ئەسكەرلىرىگە قارشى تىغمۇ-تىغ كۈرەش قىلدى. ئۇلار ئۇيغۇرلاردا قەھرىمانلارنىڭ مەڭگۈ تۇغۇلۇپ تۇرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغان ئىدى.

دۇنيا يېڭى بىر ئەسىرگە قەدەم قويدى. ئۇيغۇر ئانىلىرى يەنىلا قەھرىمانلارنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلماقتا ئىدى. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنى يوقىتىپ بولۇشقا كۆزى يەتمىگەن خىتاي تاجاۋۇزچى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنى ئانا تۇپرىقىدىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ ئىچكى

ئۆلكىلەرگە مەجبۇرىي ئەمگەكچى قىلىپ ئاپىرىپ، خىتاي قايىنمىسى ئىچىدە ئەبجەشلەشتۈرۈپ ۋە خورلاپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىرادىسىنى يوقاتماقچى بولۇشقا ئىدى. 2009 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خىتاينىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شاۋگۇەن شەھرىدىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىغا مەجبۇرىي ئىشچىلىققا ئاپىرىلغان ياشلاردىن ئون نەچچىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆز يۇمۇشى بىلەن، خىتاي لۈكچەكلىرى تەرىپىدىن كېچىسى ئۇخلاۋاتقاندا ياتىقىغا باستۇرۇلۇپ كىرىلىپ، تاياق-توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئىشنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئاشۇ بىغۇبار، گۇناھسىز ياشلارغا تۆھمەت ئارتىپ قوتۇلماقچى بولغان ئىدى. ئەمما بۇ بىگۇناھ ياشلارنىڭ قەھرىمان تۇغقانلىرى ئۈچۈن داۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىپ، ئۈرۈمچى كوچىلىرىغا تۆكۈلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىگۇناھ ياشلارنى ئۆلتۈرگەن لۈكچەك-قاتىللارنى جازالاش تەلىپى رەت قىلىنىپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇق بولمىغان ئۇيغۇر ياشلىرى قوراللىق قىرغىن قىلىندى، تۇتۇلدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىرىدىن نەقەدەر قورقىدىغانلىقىنىڭ، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنداق-بۇنداق ۋاستە تاللىماي، رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رەزىل، قانخور ماھىيىتىنى دۇنياغا ئاشكارىلىدى.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى ھەقىقەتەن چۆچۈتكەن ئىدى. ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىپ بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھىيلە-نەيرەڭ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قىرقىپ تاشلىماقچى بولۇشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن

خىتايلار ئاتالمىش « كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن لاگېرلارنى قۇرۇپ چىقىپ، قەھرىمانلارنى تۇغىدىغان ئانىلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ-لاگېرلارغا قاماپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ قەھرىمان ئەۋلادلارنى تۇغۇش ئىدىيەسىنى يۇيۇپ چىقارماقچى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ئارقىلىق قەھرىمانلارنىڭ تۇغۇلۇشىنى يوق قىلىۋېتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نەچچە مىليون ئۇيغۇر ئانىلىرىنى لاگېرلارغا قامىۋېلىشتى ۋە تۇغۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىشتى. قەھرىمان بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پەرزەنتلىرىنى بولسا ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىپ، مەجبۇرىي ھالدا تىرىك يېتىم قىلىپ، ئۇلارنى« باللار لاگېرلىرى » دەيدىغان مەركەزلەرگە يىغىۋېلىپ، ئۇلارنىڭكى ئاتا-ئانا ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىنى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، تىلىنى سۆزلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ماڭقۇرتلاشتۇرۇش ئارقىلىق كەلگۈسىدە قەھرىمان بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇشتى. ئەمما، ئۇلار بۇ مەقسىتىگىمۇ يېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېچقاچان ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان ئانىلىرى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ يوقىتىۋېلىشىگە قارشى دۇنيا خەلقى قاراپ تۇرالمايتتى. «پۈتۈن دۇنيا خەلقى تەرىپىدىن 21-ئەسىردە قايتا تەكرارلانمايدۇ »دېيىلگەن، خىتايلارنىڭ دۇنيانىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھالدا قۇرۇپ چىققان جازا لاگېرلىرى ۋە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىنىشلار دۇنيادىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىشكە باشلىدى. ئامېرىكا پارلامېنتى، كانادا پارلامېنتى،ئەنگلىيە پارلامېنتى

ۋە گوللاندىيە پارلامېنتى قاتارلىق 4 دۆلەت پارلامېنتىدا خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ئانىلىرىنى لاگېرلارغا تۇتۇپ-قاماش، ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىپ ماڭقۇرتلاشتۇرۇش سىياسىتى« ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىندى. غەرب دۇنياسى ئاللىقاچان ئۇيغۇر ئانىلىرى ۋە بالىلىرىنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. تۈرك دۇنياسى ۋە ئىسلام ئالىمى بولسا تېخىچە سۈكۈتتە تۇرماقتا. ئەمما ئۇلارمۇ ئۇزاق ئالماي، بۇ سۈكۈتنى بۇزىدۇ ۋە دىنىي ھەم ئىرقىي قېرىنداشلىرى بولغان ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىپ، قەھرىمان بالىلارنى تۇغىدىغان ئانىلارنى ۋە قەھرىمان بولىدىغان بالىلارنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئىنشائاللاھ! ئۇيغۇر ئانىلىرى مەۋجۇتلا بولىدىكەن. قەھرىمانلار يەنە تۇغۇلىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ تۇغۇلۇشى-زۇلۇمنىڭ بوغۇلىشىدۇر!

قەھرىمانلار ھەر زامان تۇغۇلىدۇ!
ھامىلىدار ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ئانىلار.
قەھرىمانلار تۇغۇلغاندا دۇنيا تەۋرەيدۇ،
بۆشۈكتە ياتسا ئۇنى دېمەڭ باللار!

قەھرىمانلار ھەر زامان تۇغۇلىدۇ!
ئاتىلار كۆتۈرىدۇ ئۇنى بوينىدا.
تىلى چىقىپلا ئۇ خەلقىم دەيدۇ،
دۈشمىنىگە ساقلايدۇ خەنجەر قوينىدا!

قەھرىمانلار ھەر زامان تۇغۇلىدۇ!
مەزلۇملار ئۈمىد ئىچىدە ساقلايدۇ .

زالىملار خەلققە زۇلۇم سالغاندا،
چىقىپ ئۇ يەنە ئادالەتنى ياقلايدۇ.

قەھرىمانلار ھەر زامان تۇغۇلىدۇ!
يۈرىكىگە ئۇنىڭكى تامغا بېسىلغان.
قېنىدا ئۇنىڭ نەپرەت قاينايدۇ،
ئۆتكۈر قىلىچى بەلگە ئېسىلغان.

قەھرىمانلار ھەر زامان تۇغۇلىدۇ!
ئۇيغۇرلاردا باتۇرلار كۆپ تۇغۇلغان.
چۈنكى، ئۇلاردا ئوغۇز قېنى بار،
ئەجدادىنىڭ روھىدىن ئوزۇق ئالغان.

قەھرىمانلار ھەر زامان تۇغۇلىدۇ!
ئۇلارسىز مەزلۇملار ئازاد بولمىغان.
مەن سۆيىمەن ئۇلارنى چىن يۈرىكىمدىن،
بولغاچقا ئۇلار مېنىڭ گۈلۈم سولمىغان.

قەھرىمانلار ھەر زامان تۇغۇلىدۇ!
ھەمدە ئۇلار ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ
خەلقى بەخت ئىچىدە كۈلمىسە،
بۇنىڭدىن قايغۇرۇپ، ئۇمۇ كۈلمەيدۇ.

## ئۇيغۇرلۇق، قېرىنداشلىق ۋە تەقدىرداشلىق

مەن بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى. ئاتا-ئانام ئۇيغۇر، مىللىتىم ئۇيغۇر، شۇڭا بارلىق ئۇيغۇرلار مېنىڭ قېرىندىشىمدۇر! دوستۇم سىزمۇ بىر ئۇيغۇر بولسىڭىز؟ ئۇ زامان سىزمۇ مېنىڭ قېرىندىشىم! دوستلار سىلەر ئۇيغۇر بولغان بولساڭلار-سىلەرمۇ مېنىڭ قېرىنداشلىرىم سىلەر! دېمەك، بىز بىر پۈتۈن مىللەت ئۇيغۇر مىللىتى ئەجدادلىرىمىز، تۇپ يىلتىزىمىز بىر بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىمىز بىر قېرىنداشلارمىز!

بىزنىڭ ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان ۋەتىنىمىز، يەنى تۇپرىقىمىز بىر بولغانلىقى ئۈچۈن تەقدىرىمىزمۇ بىر بولۇپ كەلدى. شۇڭا بىز تەقدىرداشلاردىنمىز! بىزنىڭ ئېرىق-ئۆستەڭ، تاغ-دەريالىرىمىز بىر تۇتاش بولغانلىقى ئۈچۈن مىجەز خۇلقىمىز، ئۆرپ-ئادىتىمىز ئوخشاش بولۇپ شەكىللەندى. بىز ئورتاق بىر مۇھىتتا ياشاپ، بىرلىكتە توي-تۆكۈن، نەزىر -چىراغ ئۆتكۈزۈپ، يۇرتلار ئارا سودا تىجارەت، بېرىش-كېلىش قىلىپ خۇشاللىقتا ۋە غەم-قايغۇدا ئورتاق بولدۇق. دوست دۈشمەنلىرىمىزمۇ ئورتاق بولدى. دوستلىرىمىز بىزگە پۈتۈن مىللەت بويىچە

دوستلۇق كۆرسەتكەن بولسا، دۈشمەنلىرىمىز بىزگە-پۈتۈن مىللەت بويىچە ئورتاق دۈشمەنلىك قىلدى. پاجىئەلەرگە ئورتاق يولۇقتۇق. پاجىئە كەلگەندە ھەر قانداق بىر يۇرت ۋە جامائەت ياكى ھەر قانداق بىر شەخس بۇ پاجىئەدىن ساقلىنىپ قالالمىدى. شۇڭا، بىز تەقدىرىمىزنى ئوخشاش دەپ قاراپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىق-ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلدۇق. دۈشمەنلەرگە ئورتاق تاقابىل تۇردۇق. بىز ئورتاق كۈرەش قىلىپ، دۈشمەننى يەڭگەن بولساقمۇ؟ ئەمما، سۆھبەتتە ئالدىنىپ مەغلۇپ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن دۈشمەنلەر ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، پۈتۈن مىللەت بويىچە چوڭ-كىچىك ياش- قېرى ۋە ئەر-ئايال دېمەستىن بوزەك ۋە قىرغىن قىلىشتى.

بىز ئۇيغۇرلار- مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن -تۈركى مىللەتلەر تۈركۈمگە مەنسۇپتۇرمىز. بارلىق تۈركى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش يىلتىزىمىز، قېنىمىز ۋە ئەجدادىمىز بىر ئىدى. شۇڭا بارلىق تۈركى مىللەتلىرى بىلەن قانداش ۋە تەقدىرداشمىز! بىز ئۇيغۇرلار يەنە مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىر ئۈممەتتۇرمىز، يەنى مۇسۇلمانلار ئۈممىتىگە تەۋەمىز،شۇڭا ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدە دېيىلگەندەك بارلىق مۇسۇلمانلار بىلەن بىر قېرىنداش ۋە تەقدىرداشتۇرمىز!

مانا! ھازىر ئۇيغۇر مىللىتى-خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلىش تەقدىرىگە دۇچ كەلمەكتە! خىتاي ھەر خىل باھانە سەۋەبلەر بىلەن مىليونلاپ ئۇيغۇرلارنى تۈرمىلەرگە قامىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتالمىش « كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى » دېيىلگەن جازا لاگېرىنى قۇرۇپ چىقىپ، كاللىمىزنى يۇيۇپ، ئىدېئولوگىيە

قاراشلىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزنگە ئوخشاش دىنسىز كاپىر بولۇشقا، تىل ۋە مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلماقتا. ئەۋلادلىرىمىزنى ئائىلىلەردىن ئايرىۋېتىپ، ئانا تىلىنى چەكلەپ، ماڭقۇرتلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەجدادلىرىدىن تاندۇرۇپ، يىلتىزىنى ئۇنتۇلدۇرماقچى بولۇشماقتا!

قىسقىسى، ھازىر بىز ئۇيغۇرلار پۈتۈن مىللەت بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ بوغۇزلاش ئۈچۈن پۇت-قولى بوغۇچلىنىپ، قوتانغا سولانغان پادىغا ئوخشاپ قالدۇق. بۇنداق ئەھۋالدا بىرىمىزنى بوغۇزلاپ كانارغا ئاسسا نۆۋەت كەلگۈچە مەن شۈك تۇراي، بىرئاز سامان يەپ قورسىقىمنى تويغۇرۇۋالاي، بەلكى ماڭا چېقىلماس دەپ قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق قىلساق ئۇزاق قالماي يەنە بىرسىمىزگىمۇ نۆۋەت كېلىپ بوغۇزلىنىدىغان تۇرساق، بۇ ئۆلۈمگە رازى بولغانلىق ۋە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانلىق بولمامدۇ؟ ئىش قىلىپ بىز پادىلاردەك بىرىمىزنى بوغۇزلىسا، باشقىلىرىمىز ئۇنىڭدىن خەۋەرسىزدەك بەخىرامان يۈرسەك،باشقىلىرىمىزنىڭ جېنى سىرقىرىمامدۇ؟

قېرىنداشلار ئويغىنايلى- بىز ھەرگىزمۇ ياۋاش قوي پادىسىدەك بىرىمىزنى بوغۇزلىسا، يەنە بىرسىمىز كارى بولمايدىغان ھالەتتە بىخۇد ياشىمايلى! بىز ئۇيغۇر ۋە تۈرك لەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرە روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۈشمەنلىرىمىزگە توپلىشىپ ھۇجۇم قىلايلى! زۇلۇمغا ئورتاق قارشى تۇرايلى! ئۇلۇغ دىنىمىزدا-بارلىق مۇسۇلمانلار بىر تەنگە ئوخشايدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان شۇ تەنىنىڭ بىر ئەزاسىدۇر دېيىلگەنىدەك، بىزمۇ بارلىق ئۇيغۇرلار ۋە

مۇسۇلمانلار بىر تەنگە ئوخشايمىز! مەن، سىز ۋە سىلەر بىر تەن- بىر جاندۇرمىز، تېنىمىزنىڭ بىر پارچىسى جاراھەتلەنسە، بىز ئۇنىڭ چارىسىنى قىلمىساق، پۈتۈن تېنىمىز چىرىپ-سېسىپ تۈگەيدۇ! ئەگەر بىز بىرلىكتە ھەرىكەت قىلساق بىزنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ! ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە؟!

بىز ئىنسانلار ھەممىمىز تۇغۇلغان،
بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن يەر شارىغا.
نېمىشقا ئەمدى ياتلىشىپ كەتتۇق؟
كىم سالدى غوۋغا-جېدەل ئارىغا؟

بىز ئىنسانلار ھەممىمىز قېرىنداش ئىدۇق،
بۆلۈنسەكمۇ نۇرغۇن مىللەت-ئېرىققا.
ئەسلى ھەممىمىزنىڭ تومۇرىمىز بىر،
ياشىساقمۇ تارقىلىپ يېقىن-يىراققا!

ئۇيغۇر- تۈرك ۋە ئەرەب-مۇسۇلمانلار،
تۇغقان ھەمدە بىر ئۈممەت ئىدۇق.
كىردىمۇ ياكى ئەمدى شەيتان ئارىغا؟
مەنپەئەتىمىز ھەممىدىن ئەلا دېدۇق!

نېمە بولدىكىن، ھازىر بۇ دۇنياغا؟
تۇغقانلار ۋە ئۈممەتلەرمۇ ياتلىشىپ كەتتۇق.
مەنپەئەت ئۈچۈن بىر- بىرىمىزنى سېتىشىپ،
ئېتىقاد ۋە ئەقىدىنى بىر تىيىن ئەتتۇق!

ئەي دۇنيا مەن ساڭا ۋارقىرايمەن!
قېنى سىلەردىكى ئىنسانلىق تۇيغۇ؟
ئۇيغۇرلارمۇ سىلەردەكلا بىر ئىنسان،
كەتسە تۈگەپ دۇنيادىن ئۇلار مەيلىمۇ؟

ھەي! مۇسۇلمانلار سىلەرگە ۋارقىرايمەن!
قېنى سىلەردىكى تۇغقانلىق رىشتە؟
ئۇيغۇرلار سىلەرگە قېرىنداش تۇرسا!
چىقمايسىلەر نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىگە؟

ھەي تۈرك ئىرقى سىلەرگە ۋارقىرايمەن!
قېنى سىلەردىكى قانداشلىق ئىپگى؟
نېمىشقا ئېتىۋالسىلەر قۇلىقىڭلارنى؟
تاپسۇنمۇ يا ئۇيغۇرلار يېڭى؟

# ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ ماكانىم!

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر مەھەللىسى قۇرۇش تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە پىلانلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلاندىم ۋە دەرھال ئۇيغۇر مەھەللىسى قۇرغۇچىلار ھەيئىتىگە تېلېفون قىلىپ، ئۇلارنى تەبرىكلىدىم ۋە ئۆزۈمنىڭمۇ شۇ ئۇيغۇر مەھەللىسىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئېلىشنى خالايدىغانلىقىمنى، مېنىمۇ بىر ئۆي سېتىۋالغۇچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدىم. بۇ ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق بىر خەۋەر ئىدى. مۇھاجىرەتتە بولۇپمۇ ياۋروپادا بىز ئۇيغۇرلار تارقاق ياشاپ، ئۆز ئالدىمىزغا بىر مەھەللىدە توپلىشىپ ياشىمىغانلىقىمىزدىن ئۆز ئالدىمىزغا مەكتەپ ئاچالماي كەلدۇق. بۇنىڭ بىلەن بالىلىرىمىز قايسى دۆلەتتە بولساق شۇ دۆلەتنىڭ مەكتىپىدە ۋە تىلىدا ئوقۇپ ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارغا ئوخشاش مەنمۇ بۇنىڭدىن قايغۇرۇشقا باشلىدىم. بالىلىرىمنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ باشقا مىللەتلەرگە سىڭىپ، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشىنى خالىمايتتىم!

بىز ئۇيغۇرلار تارىختا ئەڭ بۇرۇن شەھەرلەشكەن تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بىز شەھەرلىشىشكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ مەھەللە-مەھەللىلەرگە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلىشىپ، مەھەللە مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدۇق.

مەھەللە-بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئانا ماكانىمىز ئىدى. بىز شۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ-ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا شۇ مەھەللىدىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئۆم-ئىتتىپاق ياشاپ دەردلىرىمىزنى ئورتاقلىشىپ ھاياتلىرىمىزنى داۋام قىلاتتۇق. بىر مەھەللىسىز ئۇيغۇرنى، ئۇيغۇر جامائىتىنى، ئۇيغۇر مىللىتىنى ۋە ۋەتىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەھەللە مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە ھەممە نېمە بارلىققا كەلگەن ئىدى. تا ئەمدى ئايىقى چىققان كىچىك بالىلارنىڭ تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئوينىشىدىن باشلاپ، بالىلارنىڭ ئوپچە يىغىلىپ، مۆكۈلەڭ ئويۇنى، توپ تېپىش ئويۇنى، مەشرەپ ۋە ھەر قانداق بىر پائالىيەت شۇ مەھەللىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. مەھەللە بىلەن مەھەللە ئارىسىدا مۇسابىقىلەر بولاتتى، چوڭقۇر دوستلۇق شەكىللىنەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەھەللىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قان-قېنىغا، جان-جېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى. بىر مەھەللىسىز بىر ئۇيغۇرنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەھەللىلەردە توپ-جامائەت بولۇپ ياشىشى ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ناھايىتى جانلىقلىق ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمدىكى مەھەللە ھاياتىمدىن چوڭقۇر ئەسلىمىلەر يالداما بولۇپ قالغان

ئـىدى: مـەن تۆت ـ بـەش ياشـقا كـىرـىـپ ئەقلـىمنـى بىلسـەم، بىز مەھەللىدىكـى بالـىلار بىلـەن بىرلىكتـە ھـەر خىـل ئويـۇنلارنـى ئويناپتتـۇق. بىر ـ بىرىمىـز بىلـەن بەسلىشـەتتۇق ۋە دوسـتلۇق مۇسـابىقىلىرى ئۆتكۈزەتتـۇق، مەھەللـە بىلـەن مەھەللىلـەر تـەرەپ بولـۇپ سـوقۇش ئويۇنـى ئويناپتتـۇق . مەھەللىمىزنـى ھەممىمىزنـى خـۇددى ئۆزىمىزنىـڭ ئۆيـدەك ۋە مۇسـتەھكەم قورغانــدەك ھېـس قىلاتتـۇق. بەزىــدە ئـۆز مەھەللىمىزنـى قوغدايمىــز دەپ باشــقا مەھەللىدىكــى بالـىلار بىلـەن ئۇرۇشـۇپمۇ قالاتتـۇق. چـوڭ بولـۇپ يىگىتلىـك دەۋرىگـە قـەدەم قويغانـدىكى بەزى ئىشـلاردىن مۇنۇلارنى ئەسـلىگىم كېلىدۇ: بىز يىگىتلـەر مەھەللـە بويىچـە ئوتتـۇز ئوغـۇل ئۇيۇشـۇپ، مەشـرەپ ئويناشـنى باشـلىۋېتەتتۇق، ھەر خىـل تەنتەربىيـە پائالىيەتلىرى ۋە كۇلۇبلارنــى ئــۆز مەھەللىمىــز بويىچــە قۇرۇۋالاتتــۇق ۋە باشـقا مەھەللىدىكىلـەر بىلـەن مۇسـابىقە ئۆتكۈزەتتـۇق. قىـز تاللىسـاقمۇ ئالـدى بىلـەن ئـۆز مەھەللىمىزدىـن تاللايتتـۇق. ئـۆز مەھەللىمىزدىكـى قىزلارنـى باشـقا مەھەللىنىـڭ يىگىتلىرىدىـن قىزغىناتتـۇق. قىزلارنىـڭ باشـقا مەھەللـە يىگىتلىرىگـە تـوي قىلىـپ كېتىشـىنى يامـان كۆرەتتـۇق. يىگىت ـ قىزلارنىـڭ تويـى بولغانـدا پۈتـۈن مەھەللىدىكىلـەر تەكلىـپ قىلىناتتـى. پۈتـۈن مەھەللىدىكـى يىگىتلـەر تويىنـى ئوپچـە قىزىتىـپ داغدۇغىلىـق ئۆتكۈزەتتـۇق. باشــقا مەھەللىدىكــى يىگىتلەرگــە تــوي قىلىـپ كەتكـەن قىزلارنىـڭ تويىغـا ئانچـە قىزغىـن مۇئامىلـە قىلمايتتـۇق ۋە قاتناشـمايتتۇق. بـۇ بىزنىـڭ ئۇچىغـا چىققـان مەھەللىۋازلىقىمىزدىــن ئىــدى.

ئۇيغـۇر يۇرتلىـرى مەھەللىلـەر ئاساسـىدا شـەكىللىنەتتى ۋە تەرەققىي قىلاتتـى. ھـەر قانـداق يـۇرت ۋە شـەھەر ـ بازارلار نۇرغـۇن مەھەللىلەرگـە ئايرىلاتتـى! بەزىــدە بىــر كىمنىــڭ

قايسى مەھەللىلىك ئىكەنلىكىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىنىدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى. ھەربىر مەھەللىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە بەزى ئادەتلىرى بولىدىغان بولۇپ،بۇ شۇ مەھەللە كىشىلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە مىجەز خۇلقى ھەم ياشاش ئالاھىدىلىكىدىن شەكىللىنەتتى. تاغلىق مەھەللىلەردىكى كىشىلەرنىڭ مىجەز خۇلقى بىر خىل بولسا باغلىق مەھەللىلەردىكى كىشىلەرنىڭ مىجەز-خۇلقى يەنە باشقىچە بولاتتى. بىز ئۇيغۇر بالىلىرى ۋە يىگىتلىرى تەڭتۇش- دوستلىرىمىزنى مەھەللىمىزگە قاراپ تاللايتتۇق، تونۇشاتتۇق ۋە كېيىنچە شۇ ئاساستا بىر يۇرتلۇقلار بولۇپ ياشايتتۇق. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلاردا پالانى مەھەللىلىك ياكى پالانى يۇرتلۇق دەيدىغان ئاتالغۇلار بارلىققا كەلگەن ئىدى.

مەن ئۇيغۇر مەھەللىسىنى سۆيىمەن! ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ ھاياتلىق مەنبەيىم. ئۇ مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بۆشۈكۈم! قالغانتى مەھەللەمدە قوغلاپ ئوينىغان مۆشۈكۈم! ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ پانى دۇنيادىكى قارارگاھىمدۇر. ھاياتلىقتىكى ئارامگاھىمدۇر. ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ ئەجدادىمنىڭ كېلىش مەنبەيى،ياشاش ماكانى، مېنىڭ ئارمانىم، ئەۋلادىمنىڭ دەرمانىدۇر!

ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ مەھەللەم
مەن ئۇنىڭدا چوڭ بولغان
ھاۋاسىدىن تىنىق ئېلىپ،
شاملى بىلەن دوست بولغان

ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ مەھەللەم
مەھەللەمگە مەن بەك ئامراق

مەن ئۇ يەردە ناخشا ئېيتسام
ئاۋازىم چىقاتتى بەكمۇ ياڭراق!

ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ مەھەللەم.
ئۆچمەس تارىخىم بار ئۇنىڭدا
مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئوينىغان مەن،
ئىزلىرىم بار ھەر بىر بۇلۇڭدا!

ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ مەھەللەم
مەھەللەمدە بار ئاتامنىڭ ئۆيى
ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرغان ئىدى
ئۆستەڭلەردىكى مۇزدەك سۈيى

ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ مەھەللەم
ئۇ يەردە ئانامنىڭ ئوچىقى بار
بالىلىقتا تەڭ ئوينىغان قىزنىڭ
تاشلاپ كەتكەن قونچىقى بار

ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ مەھەللەم
مېنىڭ كۆيگەن يارىم بار
بىر كۈن بېرىپ ئۇ مەھەللىگە
يارىمنى مېنىڭ سۆيگۈم بار

ئۇيغۇر مەھەللىسى-مېنىڭ مەھەللەم
مېنى ئۇ يەردە ھەر كۈن كۈرۈڭلار!
مەن بىلەن دوست بولساڭلا ئەگەر
مەھەللەمدە مەن بىلەن يۈرۈڭلار!

# كىملىكىمىز ۋە مەنسۇبىيىتىمىز

مەن ئۇيغۇر مىللىتىدىن. ئەجدادىدىن ئۇيغۇر، مەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادىمەن. شۇڭلاشقا كەسكىن ھالدا دۇنياغا مەن ئۇيغۇر دەپ جاكارلىيالايمەن! مېنىڭ ئۇيغۇر بولۇشۇم ئۇيغۇرغا خاس ئالاھىدىلىكىم بولغانلىقىدىن يەنى مەندە باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان ئۆرپ-ئادەت، مىجەز- خۇلق، ئۆزگىچە روھىي ھالەت ۋە ياشاش ئۇسۇلى شەكىللەنگەن. شۇڭلاشقا مەن باشقا مىللەتلەرگە ئوخشىمايمەن. دۇنيا قارىشىم ئوخشىمايدۇ، تەپەككۇرۇم ئوخشىمايدۇ، ياشاش مۇھىتىم ۋە ئۇسۇلۇم ئوخشىمايدۇ. روشەنكى بۇلار مېنىڭ مىللىي كىملىكىم- ئۇيغۇرلۇقىمدۇر!

مېنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىم ماڭا ئاللاھ بەرگەن نېمەتتۇر. شۇڭا مەن ئۇيغۇر بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. مېنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ ياشاش ھوقۇقۇم بار! مەن بۇ ھوقۇقۇمنى قوغدايمەن ۋە قوغدىشىم كېرەك! مېنى ھېچكىم باشقا مىللەت بولۇشقا، مىللىتىمدىن تېنىشقا مەجبۇرلىيالمايدۇ. مەجبۇرلىغانلار بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلىمەن. ماڭا ئۇيغۇرلۇقىمنى يوقاتقىنىمدىن ئۆلۈم ئەۋزەلدۇر! ئۇيغۇرلۇقۇم يەنى ئۇيغۇر كىملىكىم مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ

ئاساسى ۋە ئەھمىيىتىدۇر. شۇڭلاشقا، ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ ياشىشىنى شەرەپ دەپ بىلىمەن. تىلىمىزنى، ئۆرپ- ئادىتىمىزنى، ياشىغان ماكانىمىزنى قوغداپ، مارجىناللىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىپ، مەۋجۇتلۇقىمىزنى ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش ۋىجدانى بۇرچۇم دەپ قارايمەن!

بىز ئۇيغۇر بولۇش بىلەن بىرگە يەنە مەلۇم ئىرقى ۋە دىنىي گۇرۇپپىغا مەنسۇپتۇرمىز! ئىرقىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار- تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئىرقىغا مەنسۇپتۇر. شۇڭا ئومۇمىي تۈركلەر نۇقتىسىنى ئېيتقاندا ئۇيغۇر مىللىتى ئۇيغۇر تۈركلىرى دەپمۇ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ يىلتىز كىملىكىمىزدۇر! بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنى تۈرك مىللەتلىرىنىڭ بىرسى بولغان- ئۇيغۇر مىللىتى دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. ھەم شۇنداق ئاتاپ كېلىۋاتىمىز. ئەمما بىز تۈركىيەدە ياشايدىغان تۈرك مىللىتى ئەمەس. بىز بۇنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشى لازىم. بىز ئۇلار بىلەن پەقەت بىر قانداشلىق- تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە. شۇڭا باشقىلار بىزدىن سەن قايسى مىللەت دەپ سورىسا ئەلۋەتتە- ئۇيغۇر دەپ جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك! چۈنكى، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە دۇنيادا ئېنىق نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئوتتۇزغا يېقىن مىللەت مەۋجۇت! ئۇلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋە دۇنيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئۆز مىللەت نامى بىلەن تۈرك ، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك دېگەندەك ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆز مىللىي نامى بىلەن دۆلەت قۇردى ۋە قۇرۇۋاتىدۇ! شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار كەلگۈسىدە ئۆز مىللەت نامىمىز بىلەن:« ئۇيغۇرىستان» دەپ دۆلەت قۇرساقمۇ بولۇۋېرىدۇ ياكى بۇرۇنقى دۆلەت نامىمىز شەرقىي تۈركىستان دېگەن نام

بىلەن دۆلەت قۇرساقمۇ بولىدۇ. بۇ كەلگۈسىدىكى بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ تاللىشىغا ۋە ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ!

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر مەنسۇبىيىتىمىز بولسا- مۇسۇلمانلىق. يەنى بىز ئۇيغۇرلار ئۈممەتنىڭ بىر پارچىسى. ئىسلام ئۈممىتى نۇرغۇن ھەر خىل مىللەت ۋە ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە بۆلۈنگەن بولىدۇ. ئەمما بىزنىڭ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ئەھكام بويىچە، بارلىق مۇسۇلمانلار بىر قېرىنداشلاردۇرمىز! شۇڭا بارلىق مۇسۇلمانلار ھۇزۇر- ھالاۋەتتە، جاپا- مۇشۇ مۇشەققەتتە بىرگە بولۇشى،نىمەتلىرىدىن ئورتاق پايدىلىنىشى، ئازابلىرىدىن ئورتاق دەردلىنىشى كېرەك بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

ئەمما، ھازىر ئىسلام دۇنياسى دۇنياسىدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەھكاملىرىدا كۆرسىتىلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىق روھى ئۆز ئەكسىنى تاپمايۋاتىدۇ. ھازىر مۇسۇلمانلار مىللەت ۋە گۇرۇھلارغا بۇ بۆلۈنگەندىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىچىك دۆلەتلەر بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۆز دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلىق ئەھكامىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ قويۇۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا :« ئىسلام ئىش بىرلىكى تەشكىلاتى» نامىدا ھەر يىلى بىر نەچچە قېتىم يىغىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەلۇم بىر دۆلەت ۋە دىكتاتورلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىپ، ھەقىقىي ئىسلام روھىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. بىز ئاللاھتىن ئۇلارغا ئىنساب- تەۋپىق تىلەيمىز! قېرىنداشلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز! شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ھەقىقىي ئىسلام روھىنى

تاپىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئىنشائاللاھ! ئامىن!

مېنىڭ كىملىكىمنى سورىساڭلار؟
بېرەلەيمەن دەپ ئۇنى شۇنداق ئېنىق!
ئوغۇز بوۋامدىن ماڭا ئۆتكەن قان،
تومۇرلىرىمدا ئاتەشتەك يېنىق!

مېنىڭ كىملىكىمنى سورىساڭلار؟
تارىخىم ھون ئىرقىغا تۇتىشىدۇ.
ئاتىللا بوۋامنىڭ ئىزىدىن ماڭسام،
دۈشمەنلىرىم يەنە قان يۇتۇشىدۇ.

مېنىڭ كىملىكىمنى سورىساڭلار؟
تا كۆكتۈرك تىن باشلاپ سۆزلەيمەن.
دۇنيانى تىترەيدىكەن ئالىپ ئارسلاندىن،
قارا خانغا تۇتاشقان چاغنى ئۆزلەيمەن.

مېنىڭ كىملىكىمنى سورىساڭلار؟
ئۇيغۇر دۆلىتى ئورخۇندا ئىزىم،
چوبارچىن قەلئەسى ئۇنىڭغا گۇۋاھ.
تارىخنى ئىنكار قىلالماس ھېچكىم!

مېنىڭ كىملىكىمنى سورىساڭلار؟
مەخمۇت بوۋام دىۋاندا يازغان!
ئەجدادىم يارىتىپ شانلىق تارىخ،
ياساپ تۆمۈرنى ئۇرغاندا بازغان!

مېنىڭ كىملىكىمنى سورىساڭلار؟
ئەجدادىم ياسىغان قەغەزمۇ گۇۋاھ.
يۈسۈپ بوۋام يازغاندا داستان،
دۇنيا ھەيران قېلىپ دېيىشكەن تۇۋا.

مېنىڭ كىملىكىمنى سورىساڭلار؟
مىڭ ئۆيدىكى رەسىممۇ كۆلۈپ كېتىدۇ!
ئاڭلىسىڭىز ئامانىسا چالغان ساتارنى،
ئىنسانلىقا شانلىق شۇمۇ يېتىدۇ!

مېنىڭ كىملىكىمنى سورىسىڭىز؟
يۇقىرىدا ھەقىقەتنى قىلدىم بايان!
ئەجدادىم تۈرك ،ئەۋلادىم ئۇيغۇر!
ئۈممىتى مۇسۇلمان دىنىمدىن ئايان!

# ئائىلە نۆۋىتىدىن-مىللەت نۆۋىتىگىچە

2017-يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ، خىتايلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش جازا لاگېرلىرىغا قامالغان ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن ئىستانبۇل كوچىلىرىدا، چوڭ يوللاردا ۋە مەشھۇر مەيدانلاردا خىتايلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ رەسىمىنى كۆتۈرۈپ:« ئائىلەم نەدە؟ ئاتا-ئانام نەدە؟ ئائىلەمنى قويۇپ بەر، ئاتا -ئانامنى قويۇپ بەر، قېرىنداشلىرىمنى قويۇپ بەر، جازا لاگېرلىرىنى تاقا! ئەي زالىم خىتايلار! » دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، ئائىلىسىنىڭ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرنى جۇملىدىن مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرنى تۈرك خەلقىگە ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئاتلانغان ئىدى. ئون نەچچە نەپەر ياش ئالدىنئالا دېيىشىۋالغاندىن كېيىن گەپ-سۆزلىرىنى، نامايىش پىلانلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەلۇم بىر جايدا ئۇچرىشاتتى-دە، بىر كۈنى بىر يول ئۈستىدە تۇرۇپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلارغا ئۆز دەردلىرىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر كۈنى بىر مەيدانغا

يىغىلىپ خەلققە دەردلىرىنى ئاڭلىتاتتى. ئۇلار شۇ قەدەر ئىرادىلىككى، سوغۇقنى-سوغۇق دېمىدى قار-يامغۇرغا قارىمىدى. قانداق يەردە ئۆز دەردلىرىنى خەلققە كۆپرەك تەشۋىق قىلىش ئېھتىماللىقى بولسا شۇ يەرگە يىغىلىپ، سائەتلەپ ھەتتا كۈنلەپ، تاختاي ۋە لوزۇنكىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. يولدىن ئۆتۈۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر بۇلارنىڭكى نېمە ئۈچۈن بۇنداق يىغىلغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن بۇنداق تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلار كۆتۈرۈۋالغان تاختاي ۋە لوزۇنكىلاردىكى خەت ۋە رەسىملەردىن بىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر دەردمەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، بېشىغا ئېغىر دەردلەر كەلگەنلىكىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ئاتا-ئانىسى ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىلگەنلىكىنى، يىللار بويىچە ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىدىن بىلىپ، ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ياغدۇرماقتا ئىدى.

بۇ دەردمەن ياشلارنىڭ پائالىيىتى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشمەكتە ئىدى. ئۇلار مۇزاكىرە قىلىپ ۋە سۆزلىشىپ، ھەر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ باراتتى ۋە مەزمۇنلىرىنى بېيىتاتتى. تۇرغان ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئامالنىڭ بارىچە نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۆز دەردلىرىنى ئاڭلىتىشقا تىرىشاتتى. ھەتتا ئۇلار كىيىم-كېچەكلىرىگە تۇتۇلۇپ كەتكەن ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ رەسىمىنى چۈشۈرۈپ ھەم ئۇ كىيىملەرنى كىيىپ، داڭلىق كوچىلار ۋە مەيدانلاردا تۇرۇپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ پائالىيەتلەرنى جانلىق سۈرەتكە ئېلىپ ۋىدېئو قىلىپ ئىشلەپ، فەيسبۇك، يوۋتۇب قاتارلىق ھەر خىل تاراتقۇلاردا تارقىتىپ، خەلقنى

بۇ پائالىيەتنى قوللاشقا ۋە ئاۋاز قوشۇشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ مول مەزمۇنلۇق ۋە پىداكار پائالىيەتنى كۆرگەن كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلدى. يانلىرىغا كېلىپ ئۇلارنى ئالاھىدە رەسىمگە تارتىپ ۋە سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، خىتايلارغا نەپرەت ئوقۇدى. ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيىتى يەنە تۈرك مەتبۇئاتلىرى ۋە دۇنيا مەتبۇئاتلىرىنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىغان بولۇپ، ھەر خىل گېزىت-رادىيو ۋە تېلېۋىزورلاردا خەۋەر قىلىنىشقا باشلىدى. ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ياشلار پائالىيەت مەزمۇنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈستىدە ئويلىنىپ، يېڭى-يېڭى چارىلەرنى تېپىپ چىقىشقا باشلىدى.

پىداكار ياشلار يەنە يېڭى بىر چارىلەرنى ئويلاپ تاپقان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ خىتاي كونسۇلىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، خىتايلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن جازالانغانلىقىنى يۈز تۇرانە تەلەپ قىلىپ، نەق مەيداندا جاۋاپ ئېلىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئون نەچچە نەپەر ياش ئەزىمەتلەر ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇل ئالدىغا يىغىلىپ پائالىيەتنى باشلىدى. ئۇلار ھەر خىل رەسىم ۋە لوزۇنكىلارنى كۆتۈرگەندىن باشقا يەنە مىكروفون ئارقىلىق جانلىق شوئار توۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق -تۇغقانلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكى، نېمە ئۈچۈن جازالانغانلىقى توغرۇلۇق جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. بۇ پائالىيەت باشلىنىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىلا خىتاي

كونسۇلى راھەتسىز بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى، خىتايلارنىڭ رەزىل ئەپتى بەشرىسى ۋە جىنايەتلىرى ئېچىپ تاشلانماقتا ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن خىتاي كونسۇلى ئۇلارغا جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۇلارغا خەت چىقىرىپ، ناۋادا ئۇلار چىقىرىلغان خەتتىكى تەلەپلەرگە ئۇنىسا، ئۇلارغا جاۋاب بېرىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. ئەمما ئۇ چىقىرىلغان خەتتە بولسا، پىداكار ياشلارنى تەسلىمچىلىككە ، قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا، ياۋاشلىق بىلەن خىتايلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا دەۋەت قىلىنغان ئىدى. جەسۇر ياشلار خىتايلارنىڭ بۇ يولسىز خېتىنى يىرتىپ تاشلىدى. بۇ تاكتىكىسىنىڭ ئىشلىمىگىنىنى كۆر كۆرگەن خىتايلار باشقا ھىيلە ئىشلىتىپ، نامايىش قىلىۋاتقان ياشلار قانچە كىشى بولسا شۇلارنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ئىز دېرىكىنى بېرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. ياشلار بۇ قىلتاققىمۇ چۈشمىدى. چۈنكى، ئۇلار يالغۇز ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا چىقمىغان ئىدى. بەلكى، ئىز-دېرەكسىز يوق بولۇپ كەتكەن بارلىق لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ داۋاسىنى قىلىش ئۈچۈن چىققان ئىدى. شۇڭا بىر ھەپتە پائالىيىتىنى توختىتىپ، ئۇلار بۇ ئىشنى كەڭ خەلققە چاقىرىق قىلىپ، ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تۇتۇلۇپ كەتكەن بارلىق خەلقنى بۇ ئىشقا ئاۋاز قوشۇشقا دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ھەپتە ئىچىدىلا 5199 نەپەر لاگېر تۇتقانلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ چىقىپ، خىتاي كونسۇلىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئەمما، خىتايلار ئۆز ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ، لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ ئارخىپلىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خىتايلارنىڭ

ھېلىگەر تەبئىتى ۋە قارا نىيىتى ئاشكارىلانغان ئىدى.

خىتايلارنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشىدىن غەزەپلەنگەن ياشلار پائالىيىتىنى يەنە باشلىدى. بۇ پائالىيەتكە پۈتۈن خەلقنى قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ياشلارنىڭ ئادەم سانى كۆپىيىپ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۈتتۈز-قىرىقتىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ پائالىيەت ئائىلە نۆۋىتى دەپ ئاتالدى. ياشلارنىڭ ئائىلە نۆۋىتى پائالىيىتىگە ناھايىتى تېزلا ئائىلىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاتا-ئانىلىرى لاگېرلارغا قامالغان ئۇيغۇرلار نۆۋەت بويىچە كېلىپ قوشۇلۇشقا باشلىدى. ئەمدىلىكتە بۇ پائالىيەت بىر دولقۇنغا ئايلانماقتا ئىدى. بۇ دولقۇن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ھەر خىل تەشكىلاتلار، تۈركىيەدىكى ھەرقايسى پارتىيە ۋە گۇرۇھلار ھەم ئىنسانپەرۋەر زاتلار ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيەتلىرىنى قوللىدى. تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ھەتتا دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا بۇ پائالىيەت خەۋەر قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ پائالىيەتنىڭ ئۈنۈمى ۋە ئەھمىيىتىنى بىلگەن خەلق قوزغىلىپ، بۇ پائالىيەتكە قوشۇلۇپ، ئادەم سانى نەچچە يۈزدىن ئېشىپ، بىر ئومۇمي خەلق ھەرىكىتىگە ئايلاندى ۋە مىللەت نۆۋەتتە پائالىيىتى دەپ ئاتالدى. بۇ پائالىيەتتە باشتا مىرزەخمەت ئىلياس، جەۋلان شىرمەمەت، ئالىمجان تۇردى، پاتىمە نازىمى قاتارلىق شىر يۈرەك ياشلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان بولسا،كېيىنچە ھېيبۇللا كۈسەنى، بۇرھان سېتى ئۇلۇغيول، ئەلى ئەكبەر داموللام قاتارلىق جامائەت ئەربابلىرى ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللەت نۆۋەتتە ھەرىكىتىنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشۇپ، ئۇنى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان بىر

جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندۇردى.

ھازىر مىللەت نۆۋەتتە پائالىيىتى نوقۇل ھالدىكى خىتاينىڭ جازا لاگېرىدىكى ئائىلىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان نەچچە يۈز كىشىنىڭ ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ پائالىيىتىگە ئايلاندى. مىللەت نۆۋەتتە ھەرىكىتى- تۈركىيەدە ئىستانبۇلدىن باشقا يەنە ئەنقەرە، كونيا قاتارلىق شەھەرلەرگە كېڭىيىپلا قالماي پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيدى. ھازىر گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن قاتارلىق ئۈچ شەھىرىدە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدە مىللەت نۆۋەتتە ھەرىكىتى پائالىيىتى خىتاي كونسۇلىنىڭ ئالدىدا ئېلىپ بېرىلماقتا، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى قېرىنداشلىرىمۇ ئاۋاز قوشۇشقا باشلىدى. ھازىر مىللەت نۆۋەت ھەرىكىتى خەلقئارالىق بىر دولقۇنغا ئايلاندى. ئىنشائاللاھ! بۇ دولقۇن بارا-بارا بىر ئۇچقۇنغا ئايلىنىپ، زالىم خىتاينىڭ تەختىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرغۇسى.

چىقتى ھازىر مىللەت نۆۋەتكە،
مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى قولىغا ئېلىپ.
تىكىلىپ ئۇلار خىتاي كونسۇلىغا،
قاتار تۇرۇشتى چۇقانلار سېلىپ.

مىللەت نۆۋەتتە-خەلق ئۈمىدتە!
ئۇلار قەلبىمدە چەكسىز ھۆرمەتتە.
قەھرىمان بۇ ئوغۇل-قىزلاردىن،
ئېزىلگەن خەلق ئۈمىد كۈتمەكتە!

مىللەت بىر سەپتە ،خەلق ئۈمىدتە!
تۇتۇلۇپ كەتكەن ئۇيغۇرلار نەدە؟
ئەي زالىم خىتاي قويۇپ بەر دەرھال،
بولسا گەر قانۇن، ئادالەت سەندە؟

مىللەت نۆۋەتتە، خەلق بىر يەردە،
ھەممە بىرلەشتى، شانلىق بۇ جەڭدە.
قېتىللىق سىزمۇ بۇ ئۇلۇغ سەپكە!
كۆتۈرۈڭ ئېگىز بايراق ھەر يەردە!

مىللەت نۆۋەتتە،خەلق ھەرىكەتتە!
ۋاز كەچمەيمىز بىز كۈرەشتىن زىنھار.
ئەي زالىم خىتاي ئاتا ــ ئانامنى،
لاگېر-زىنداندىن بوشاتقىن دەرھال!

## خىتاي ۋاباسى ۋە تۈرك داۋاسى

ئىنسانلار خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىغا مۇپتىلا بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىي قاتتىق ئارقىغا چېكىنىپ، ئادەملەر ۋىرۇستىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۆيگە قاپسىلىپ قېلىپ، دەككە-دۈككىدە ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئىنسانىيەت دۇنياسى بىر تەرەپتىن-خىتاي كوممۇنىست قاراقچىلىرىنىڭ بۇ ۋىرۇسنى سۈنئىي ياساپ تارقاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كونترول قىلىنىش سىزىقىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن خىتايغا نەپرەت ئوقۇشقان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلار بۇ ۋابانىڭ داۋاسىنى ئىزدەشكە، دۇنيا تېببىي تېخنىكىسى ۋە سەھىيە تارماقلىرىدىن-بۇ ۋىرۇسقا قارشى ۋاكسىنا ئىشلەپچىقىرىپ ياكى ئىجاد قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ بۇ ۋىرۇستىن يۇقۇملىنىپ، قىرىلىپ كېتىشىدىن قۇتقۇزۇلىشىنى ئۈمىد قىلىشماقتا ئىدى.

ئەمما، سەھىيە تارماقلىرىدىن مۇنداق ناخۇش خەۋەرلەر كەلمەكتە ئىدى. بۇ ۋاباغا قارشى ۋاكسىنا ئىشلەش ئۈچۈن ئەڭ ئاز بىر-ئىككى يىل ۋە ياكى بەش-ئون يىل ۋاقىت كېتەرمىش! بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىنسانلار: « ئەمدى

ئەھۋالىمىز قانىداق بولىۇپ كېتەر؟ ۋابا كەڭ تارقىلىپ، ۋاقتىدا كونترول قىلىنمىسا، ئىنسانلار مىليونلاپ بۇ ۋابا بىلەن يۇقۇملىنىپ، زور كۆلەملىك ئۆلۈم-يېتىم ۋە ئېغىر ۋەيرانچىلىق كېلىپ چىقارمۇ؟» دەپ ئەندىشىگە چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى.

دەرھەقىقەت! خىتاي ۋىرۇسى تېزلىك بىلەن پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ كېڭىيىشكە باشلىدى. ياشانغان ۋە ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز كىشىلەر بۇ خىتاي ۋىرۇسى يۇقۇقاندىن كېيىن بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرەتكە سەپەر قىلماقتا ئىدى. مەكتەپلەر تاقىلىپ، زاۋۇت- كارخانىلار پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ، نۇرغۇن ئادەملەر ئىشسىز قالدى. بۇنىڭدىن دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەندىشىگە چۈشۈپ، تۈرلۈك چەكلىمە ۋە قائىدە-تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىغا قارشى تۇرماقچى بولۇشتى. ئەمما بۇنداق چەكلىمە ۋە ئۈنۈمسىز چارىلەر بىلەن خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىدىن قۇتۇلغىلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارشى تۇرۇش ۋاكسىنىسى تېزدىن ياسىلىپ چىقىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ۋاكسىنىنى كىم؟ قايسى دۆلەت ئىجاد قىلىپ، ئىنسانلار بۇ تەشۋىشتىن خالاس قىلار؟ ھەممە ئادەم بۇ خەۋەرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

ئاخىرى « خىتاي ۋىرۇسىغا قارشى ۋاكسىنا ئىجاد قىلىنىپتۇ» دېگەن خەۋەر گېرمانىيەدىن چىقتى ۋە پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. ھەممە ئادەم بۇنى كىمنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىغا بولغان قىزىقىش ئىچىدە ئاخباراتلارغا كۆز تىككىشكە باشلىدى. نىھايەت ۋاكسىنا ئىجادچىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيا جۈملىدىن گېرمانلار : بۇ

ۋاكسىنىنى ئوغۇر شاھىن ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئۆزلەم تۈرەجى ئىسىملىك بىر تۈرك ئەر-ئايال تەرىپىدىن قۇرۇلغان- بىئون تېك شىركىتى ئىجاد قىلغانلىقىنى ئاڭلاشتى-دە، تۈركلەرگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيەدە تۈرك مىللىتىگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئالقىشلار يېغىشقا باشلىدى. بۇ تۈرك مىللىتىدىن بولغان ئۇغۇر شاھىن ۋە ئۆزلەم تۈرەجى ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئەي تۈرك ئەۋلادى ئۇغۇر شاھىن ۋە ئۆزلەم تۈرەجى-سىلەر تۈرك ئىرقىغا شان-شەرەپ كەلتۈردىڭلار! تۈرك مىللىتىگە خاس-ئىلىم-پەن سۆيەر خىسلەتىڭلارنى نامايان قىلدىڭلار! ئەجدادىڭلار ئىبنى سىنانىڭ ئىجادكار روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادلىرىڭلارنى غورۇرلاندۇرۇڭلار! پۈتۈن تۈرك دۇنياسى ۋە ئەۋلادلىرى سىلەردىن غۇرۇر تۇيىدۇ! سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ! سىلەردىن ئۆگىنىدۇ! سىلەر ئىنسانىيەت دۇنياسىغا بۈيۈك تۆھپە قوشتۇڭلار! سىلەرنىڭ بۇ تۆھپەڭلار ئۈچۈن ئىنسانىيەت دۇنياسى سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ. سىلەر ئۈچۈن ئابىدە تىكلەيدۇ! تۈرك دۇنياسى خەلقلىرى ۋە ئەۋلادلىرى سىلەرنىڭ ھەيكىلىڭلارنى – ئىستانبۇل-ئەنقەرەگە، باكۇغا، تاشكەنتكە، نۇرسۇلتانغا، ئاشخابادقا، بىشكەككە ۋە ئۈرۈمچىگە تىكلەيدۇ!

ئۇغۇر شاھىن تۈرك ئوغلىدۇر،<br>
ئۆزلەم تۈرەجى تۈرك قىزىدۇر .<br>
ئۇلار ماڭغان–ئىلىم پەن يولى،<br>
ئەجدادلارنىڭ باسقان ئىزىدۇر .

ئۇغۇر شاھىن، ئۈزلەم تۆرەجى،
سىلەر ئوقۇپ،چوڭ ئالىم بولدۇڭلار.
تەتقىقات قىلىپ ۋاكسىنا ياساپ،
تۆھپەڭلاردىن شاتلىققا تولدۇڭلار!

پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى نامىڭلار!
قۇتقۇزغۇچى پەرىشتە-ئەزىمەت بولۇپ.
ھەممە خەلق سۆيۈندى سىلەردىن،
سىلەر سالدىڭلار ۋاباغا قۇلۇپ.

پەخىرلىنىمىز سىلەردىن مەڭگۈ!
يوقىلار ئەمدى خىتاي ۋاباسى.
بىر تۈرك ئەۋلادى ياسىغان دورا،
قۇتقۇزار دۇنيانى–تۈرك داۋاسى.

## ئۆزىل ئۆزگىچە

مەسئۇت ئۆزىل ئۆزگىچە بىر ئىنسان! ئۇ گېرمانىيەنىڭ گېلسىنكىرخېن شەھىرىدە بىر تۈرك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا گېرمانىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ، گېرمان پۇتبولچىلىرىنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ ، بىر تالانت ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئىدى. ئۇ ئون سەككىز يېشىدىلا گېرمانىيە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى پۇتبول كۇلۇبلىرىنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپىسىغا تاللانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيەدە بىرىنچى كۇلۇبقا تاللانغان ئەڭ يېشى كىچىك پۇتبولچى ئىدى. ئۇ گېرمانىيە پۇتبول بىرىنچى كۇلۇبىدا داڭ چىقارغاندىن كېيىن، ئىسپانىيەنىڭ دۇنياغا داڭلىق پۇتبول كوماندىسى بولغان رېئال مادرىدقا تاللىنىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالانتى بىلەن ئۆز ساھەسىدە نەتىجىلىك توپ تېپىپ، توپ مەيدانلىرىدا ھەممە رەقىبلىرىنى ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، ئىسپانىيە توپ مەستانىلىرىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى.

ئۆزىلنىڭ پۇتبول ساھەسىدىكى يۇلتۇزى كۈندىن كۈنگە پارلاۋاتاتتى. ئۇ رېئال مادرىدا دۇنيا پۇتبول چولپىنى دەپ دەم ئالغان خىرىستىيانو رونالدودىن قالسىلا

ئـەڭ كۆزگــە كۆرۈنگــەن پۇتبولچىغا ئايلاندۇرغــان ئــىدى. دۇنيانىــڭ كــۆزى ئۇنىڭغا تىكىلگــەن ئــىدى. ئۇنىــڭ رېئـال مادرىدتىكــى توختامــى تۈگــەپ، توختامنــى يېڭىــرى مائــاش بىلـەن يەنـە ئۇزارتـىش تەلـەپ قىلىنغان بولـسىمۇ، ئەمما ئـۇ نەزىرىنــى تېخىمـۇ ئۇزاققا تىكــىپ، پۇتبولنىــڭ ئانــا ماكانــى بولغـان ئەنگلىيەنىـڭ لونـدون شـەھىرىدىكى ئارزىنـال پۇتبول كوماندىســىنى تالــلاپ ئەنگلىيەگــە كەلگــەن ئــىدى. ئـۇ ئارزىنـال كۇلۇبىدىمۇ ئۆزىنىـڭ يۈكسـەك تالانتـى ۋە تېخنىـكا ماھارىتــى بىلــەن كۇلۇبنىــڭ ئــەڭ ئاساســلىق پۇتبولچىســى بولـۇپ قالغـان ئــىدى.

مەســئۇت ئۆزىــل ئەنگلىيەگــە كەلگەنــدىن كېيىــن، ئەنگلىيەدىـمۇ پۇتبـول مەســتانىلىرىنىڭ ئــەڭ ســۆيىدىغان پۇتبولچىســىغا ئايلانــدى. ئـۇ ھەپتىســىگە 150 مىــڭ فوندســتېرلىڭ يەنــى 200 مىــڭ دوللاردىــن كۆپــرەك مائــاش ئالاتتــى. ئۇنىــڭ يىللىــق كىرىمــى ئــون مىليــون فوندســتېرلىڭدىن ئېشــىپ كېتەتتى! ئۆزىل شـۇ قەدەر بايلىققا كۆمۈلـۈپ كەتكـەن بولـسىمۇ، ئۇنىڭـدا قىلچىلىـك مەغرۇرلـۇق ئالامىتـى يـوق ئـىدى. ئـۇ شـۇ قـەدەر بايلىقـى بىلـەن شـۆھرەت قازىنىــپ، دۇنيادىكــى ئــەڭ بــاي پۇتبولچىلارنىــڭ بىرىگــە ئايلانغـان بولـسىمۇ، ئـۇ بايلىقنىــى كەيپ-ساپا، ھەشـەمەتلىك تۇرمـۇش ئىشـلىرىغا ئىشلەتمەســتىن، ئەكســىنچە ئـۇ بىــر خەيرى-ســاخاۋەتچىگە ئايلانــدى. ئـۇ ئافرىقىدىكــى مەلـۇم بىــر دۆلەتتىكــى ئوقۇشــىز قالغــان بالــلار ئۈچـۈن نۇرغـۇن پـۇل ئىئانــە قىلــدى. يەنــە تۈركىيەدىكــى قېرىنداشــلىرى، ئۇرۇق-تۇغقــان، كەمبەغــەل ۋە يېتىم-يېسىرلارنىمۇ ئۇنتـۇپ قالمــاي ھەممىســىگە قولىدىــن كېلىشــىچە يــاردەم قىلــدى.

ئۆزى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۇ ئۆز بايلىقىنى دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق ۋە پاراۋانلىقى، ئېزىلگەن خەلقنىڭ ھۆرلۈك ۋە ئازادلىقىنى قوللاش ئۈچۈن ئىشلەتتى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان:« ئىرقىي يوقىتىش سىياسىتى »دىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ فەيسبۇك سەھىپىسىدە بۇنىڭغا قارشى كۈچلۈك نارازىلىق بايانات ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى چەكسىز سۆيۈندۈرگەن ئىدى. ئەمما،خىتاي تاجاۋۇزچى ھۆكۈمىتى بولسا بۇنىڭغا قارىتا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، شۇ ئايدا ئەنگلىيە ئارزىنال كۇلۇبىنىڭ خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر قېتىملىق مۇسابىقىسىنى بىكار قىلدى ھەمدە خىتاينىڭ مەركىزى تەنتەربىيە قانىلى ئارزىنال كۇلۇبىنىڭ مۇسابىقىلىرىنى خىتاي تېلېۋىزىيەلىرىدە تارقىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. خىتاينىڭ بۇ نامەردلەرچە جازاسى ئارزىنال كۇلۇبىغا ئېغىر ئىقتىسادى زىيان ئېلىپ كېلەتتى. گەرچە ئارزىنال پۇتبول كۇلۇبى بۇ ئىشنىڭ مەسئۇتنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ كۇلۇب بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، پەسكەش خىتاي ھۆكۈمىتى ئارزىنال كۇلۇبىدىن ئەپۇ سوراشنى تەلەپ قىلدى ۋە كۇلۇبىنىڭ مۇسابىقىلىرىنى خىتايدا قويۇشنى چەكلەپ، ئارزىنال كۇلۇبىغا زور زىيان سالدى. ئەھۋال بۇ دەرىجىگە كەلگەن چاغدا، ئارزىنال كۇلۇبى مەسئۇت ئۆزىلگە ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللىشىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما مەسئۇل ئۆزىل كۇلۇبىنىڭ بۇ تەلپىنى كەسكىنلىك بىلەن

رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىدى. ئۇنىڭ بۇ جەسۇرانە ھەرىكىتىدىن نۇرغۇن پۇتبولچى ۋە تەنھەرىكەتچىلەر ئۈلگە ئېلىپ، خىتاينىڭ جازا لاگېرىدا يۈرگۈزۈۋاتقان ۋەھشىيانە جىنايەتلىرىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئۆزىلنىڭ سېپىگە مۇسۇلمان تەنھەرىكەت تەنھەرىكەتچىلەردىن فرانسىيەلىك فرانك رىبېرى، گانالىق دەمبابا، ئاۋستىرالىيەلىك مۇسۇلمان تەنھەرىكەتچى يۇنىس قاتارلىقلار قوشۇلۇپ، ئۆزىلنى ئۈلگە ئېلىپ، خىتايغا قارشى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقى قىرغىنلىقىنى ئەيىبلىدى.

مەسئۇت ئۆزىل بىر مەشھۇر تەنھەرىكەتچى ئىدى. شۇنداقلا ئۇ مەزلۇملارنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇنىڭ فەيىسبۇك سەھىپىسىنىڭ نەچچە مىليون ئەگەشكۈچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېلان قىلغان باياناتىنى نەچچە مىليون كىشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى ۋە خىتايلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىدىن خەۋەر تاپتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئارزىنال كۇلۇبىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بارلىق ئالاقىسىنى ئۈزمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەسئۇت ئۆزىل بىلەن كۇلۇبىنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىشقا باشلىدى. ئارزىنال كۇلۇبى ئۇنى ياۋروپا ئەللىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان چېمپىيون كۇلۇبلار ئارا مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرمىدى. ئارزىنال كۇلۇبىنىڭ بۇ قىلمىشى مەسئۇت ئۆزىل ئۈچۈن بىر ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ پۇتبول ساھەسىدىكى ھاياتىغا سۈركەلگەن بىر قارا داغ ئىدى. مەسئۇت ئۆزىل كۇلۇبىنىڭ ئۆزىنى يەكلەش ھەرىكىتىگە مەردانىلىق بىلەن تاقابىل

تــۇردى ۋە ئۇيغۇرلارنــى قولــلاش ھەرىكىتىدىــن بۇنىڭلىــق بىلــەن ۋاز كەچمىــدى.

ئۆزىــل بىــر ھەققانىيەتچــى ئىنسان ئىــدى. ئــۇ بىــر ساپ تــۈرك نەســلىدىن كېلىــپ چىققــان تــۈرك ئوغلانــى ئىــدى. شــۇنداقلا ئــۇ بىــر ئــۆز دىنىغا سادىق كامىــل مۇسۇلمان ئىدى. شۇڭلاشــقا ئــۇ غەربنىــڭ ھەشــەمەتلىك تۇرمۇشــىغا بېرىلمىــدى. غــەرب كۇلۇبلىرىنىــڭ بېســىملىرىغا تېــز پۈكمىــدى . ئۇنىڭغــا غەربنىــڭ ھەشــەمەتلىك تۇرمۇشــى ياقمايۋاتاتتــى. لوندونــدەك بىــر چــوڭ شــەھەر تــار كېلىۋاتاتتــى. ھەشــەمەتلىك غــەرب تۇرمۇشــى ۋە مەنمەنچــى غــەرب ئىســتىلى ئۇنىــڭ تۈركلــۈك ۋە ئىســلامى ئېتىقــادى بىلــەن سىغىشــالمايۋاتاتتى. ئــۇ ئاخــىرى ئارزىنــال كۇلۇبــى بىلــەن سۆزلىشــىپ، ئۆزىنىــڭ كۇلۇبتىــن ئايرىلىدىغانلىقىنــى قــارار قىلــدى.

ســاپ نەســىللىك تــۈرك ئوغلى-مەســئۇت ئۆزىــل ئارزىنــال كۇلۇبىدىــن ئايرىلىــپ، تۈركىيەنىــڭ ئــەڭ چــوڭ بىرىنچــى پۇتبــول تېقىمــى بولغــان « فەنەرباغچــە » بىلــەن كېلىشــىپ، فەنەرباغچە كۇلۇبىغا قايتىــپ كەلــدى. ئۇنىــڭ بــۇ ئاقىلانــە ۋە جەســۇرانە ھەرىكىتــى پۈتــۈن تــۈرك دۇنياســىنى ۋە پۈتــۈن ئىســلام ئالىمىنــى ســۆيۈندۈردى. جۈملىدىــن ئۇيغۇرلارمــۇ ئۇنىــڭ تۈركىيــەدە پۇتبــول ئوينىغىنىدىــن بەكمــۇ خۇشــال بولــدى. نۇرغــۇن ئۇيغــۇر پۇتبــول ســۆيەرلىرى ئۇنىــڭ پۇتبولنــى نــەق مەيدانىدىــن كۆرۈشــنى ئــارزۇ قىلاتتــى. ئــۇلار بــۇ ئارزۇســىغا يەتكــەن ئىــدى. ئەمــدى ئــۇ تــۈرك پۇتبولىنىــڭ ۋەكىلىگــە ئايلانــدى. تــۈرك پۇتبولنــى دۇنياغــا تونۇشــتۇرۇش ئۈچــۈن جەڭگــە ئاتلانــدى. تــۈرك پۇتبولــى ئۈچــۈن ھاياتىنــى بېغىشــلىماقچى بولــدى. تۈركىيەنــى دۇنيــا پۇتبولىنىــڭ

مەركىزىگە ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن بەل باغلىدى. ئۆزىلىنىڭ تۈركىيە پۇتبول ساھەسىگە قايتىپ كېلىشى ختايلار ئۈچۈن بىر زەربە، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر ئۈمىد چىرىغى بولغۇسى، ئىنشائاللاھ، ئامىن!

ئۆزىل ئۆزگىچە ئۇ ئۆزىنى دەپ ياشىماس!
ھەقسىزلىق ئالدىدا گەدىنىنى قاشلىماس!
بولسىمۇ گەرچە ئۇ مەشھۇر بىر چولپان،
قېرىندىشى ئۇيغۇرلارنى يالغۇز تاشلىماس!

ئۆزىل ئۆزگىچە ئۇ سۈكۈتتە تۇرماس!
مەزلۇملارنىڭ قەلەسىگە توپىنى ئۇرماس.
ھەقىقەتكە سەۋدا ئۇ، زالىمغا قامچا،
قىرغىنچىلىق ۋە زۇلۇمغا كۆزىنى يۇمماس.

ئۆزىل ئۆزگىچە ئۇ توپىنى بەك تېپەر!
دەرتىنىكى مەزلۇملارنىڭ ھالىغا يېتەر.
زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى كۆرگەن چاغدا،
غەزەپتە ئاچچىقلىنىپ نەپرەت ئېتەر!

ئۆزىل ئۆزگىچە ئۇ ئۇيغۇر بالىمىز!
مەردانە ھەرىكىتىنى قارشى ئالىمىز!
بىز ئۇنىڭ شەنىگە داستانلار يېزىپ،
ماڭغان يولىغا  داستىخان سالىمىز!

## ئەخمەت داۋۇت ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر سۆيگۈسى

تۈركىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى بولغان ئەخمەت داۋۇت ئوغلى تۈركىيەدىكى سىياسەتچىلەر ئىچىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئىنسانپەرۋەر بىر سىياسەتچىدۇر. شۇنداقلا ئۇ قەلبى ئۇيغۇر سۆيگۈسى بىلەن تولغان ھەقىقىي بىر تۈرك ئوغلىدۇر. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتىدا، بىر نەچچە قېتىم ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە بارغان ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈشتىن سىرت، ئۇيغۇر جامائىتى ۋە مەسچىتلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇيغۇر بوۋايلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆز يېشى قىلىشقان ئىدى. قەشقەرگە زىيارەتكە بارغان ۋاقىتىدا بولسا، تۈركىي دىللار دىۋانىنىڭ ئاپتورى مەخمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ مازارلىقىنى زىيارەت قىلىپ، ئۆچمەس تارىخى ئىزلارنى قالدۇرغان ئىدى.

ئەخمەت داۋۇت ئوغلى كېلەچەكنى كۆرەلەيدىغان دانا سىياسەتچى ئىدى. ئۇ تۈركىيەنىڭ ۋە تۈرك دەرياسىنىڭ پارلاق كەلگۈسى مەنزىلىگە ئۈمىد بىلەن قارايتتى. شۇڭا

ئۇ ئۆزى قۇرغان پارتىيەنىڭ نامىنىمۇ « گېلەجەك » يەنى «كېلەچەك پارتىيەسى» دەپ ئاتىدى. كەلگۈسى پارتىيەسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈركىيە پارلامېنتىدا مىللەت ۋەكىلى تۇرغۇزۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن «گېلەجەك پارتىيەسى»نىڭ پارلامېنتتىكى ۋەكىللىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق تەرەققىياتىغا ھەر دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئەخمەت داۋۇت ئوغلى تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېچىلغان پارتىيەسىنىڭ شۆبەلىرىنىڭ يىغىنلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك بىلەن ئەيىبلەپ ۋە قاتتىق تەنقىدلەپ: « نېمىشقا ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ئىگە چىقمايسىلەر؟ » دەپ ھۆكۈمەتكە سوئال قويۇپ كەلدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، بولۇۋاتقان زۇلۇملارغا قارشى ئاۋاز چىقىرىشىنى تەلەپ قىلدى.

ھۆرمەتلىك ئەخمەت داۋۇت ئوغلى، سەن بىر ھەقىقىي تۈرك ئوغلى بولۇشقا مۇناسىپ ئىنسانسەن! سەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قېرىنداشلىق ۋە قانداشلىق بۇرچۇڭنى ئادا قىلدىڭ! ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياش تۆكتۈڭ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقاردىڭ، ئۇلارنى قۇچىقىڭغا باستىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىگە دەرمان ئىزدىدىڭ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سېلىۋاتقان زۇلۇمىنى ئەيىبلىدىڭ، زالىملارغا نەپرەت ئوقۇدۇڭ، مەزلۇملارغا ئايەت ئوقۇدۇڭ، ئاللاھتىن ئۇلار ئۈچۈن تىنچلىق-خاتىرجەملىك، ھۆرلۈك-ئازادلىق تەلەپ قىلدىڭ، ئەي! ھەقىقەتچى ئىنسان ئەخمەت داۋۇت ئوغلى! سېنىڭ بۇ ئېسىل خىسلەتلىرىڭنى ئۇيغۇر خەلقى

مەڭگــۈ ئۇنتــۇپ قالمايــدۇ. ســېنى ئــۆز ئوغلــدەك كۆرىــدۇ. كەلگۈســىدە ۋەتىنىمىــز شــەرق تۈركىســتاندا ســەن ئۈچــۈن ئابىــدە تىكلەيــدۇ!

تۈركىيەدىن چىقتى بىر باتۇر تۈرك ئوغلى!
ئۇ بولسىمۇ ھۆرمەتلىك ئەخمەت داۋۇت ئوغلى.

داۋۇت ئوغلى ئەگە چىقتى قېرىنداشى ئۇيغۇرغا،
ئۇيغۇرلار ئۈچۈن چۆكتى ئۇ ئېغىر غەم قايغۇغا!

ھەر قېتىم يىغىندا ئۇ ئۇيغۇر ئۈچۈن سۆزلىدى!
بەلكى ئۇ قېرىنداشلىق-ئىنسانلىقنى كۆزلىدى!

دېدى ئۇ يىغىندا: نېمشقا ئۇيغۇرلار ئېزىلىدۇ؟
ئەگە چىقمىساق ئۇلارغا تارىخقا يېزىلىدۇ!

سۈكۈت قىلسەن نە ئۈچۈن مەن چوڭ دېگەنلەر؟
ئېغىزىدا مۇسۇلمان-ئۈممەت غېمىنى يېگەنلەر!

ئىزدېسەڭ سەن ئۈممەت ــ ئۇيغۇر ئەمەسمۇ؟
سەن دېسەڭ مەن تۈرك ــ ئۇيغۇر ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر ئۆزى ھەم تۈرك ، ھەم كامىل مۇسۇلمان،
ئەگەر ئىنسان ئىزدىسەڭ، ئۇلارمۇ بىر ئىنسان!

مەجبۇرلاندى ئۇيغۇرلار تۈركلىكىدىن تېنىشقا،
مەجبۇرلاندى ھە يەنە ئۆز دىنىدىن يېنىشقا!

ئالالمىدى ئۇلار ھېچ تۈركلىكتىن نېسۋە!
قېرىندىشى مۇسۇلمان نەدە قالدى ئەمىسە؟

ئۇلار ھايۋان ئەمەستۇر بىزلەردەك ئادەم!
ئىگە چىقىڭلار ئۇلارغا بىز قىلايلى ياردەم!

تۈگەپ كەتمىسۇن ئۇلارنىڭ قىرىلىپ نەسلى!
ئۇنتۇمايلى بىز ئۇلارغا قېرىنداش ئەسلى!

ئۇيغۇر-تۈرك ئىدىغۇ ئەزەلدىنلا بىر تۇغقان!
نېمە بولدۇق بىز ئەمدى ئۇلارنى ئۇنۇتقان؟

بولمايلى! بىز ھەرگىزمۇ زالىملار تەرەپ!
ئۇنداق قىلساق قالمايدۇ بىزدىكى شەرەپ!

قۇتقۇزايلى بىز چوقۇم ئۇيغۇرلارنى زالىمدىن،
خۇدا بىزنى يۆلەيدۇ، دېمەك كەتتىم ھالىمدىن!

# مەن ئۈمىدۋارمەن!

ئۈمىدۋارلىق ئىماندىن، ئۈمىدسىزلىك شەيتاندىن دېيىلگەن ئىكەن ئالىم-مۇتەپەككۇرلار! بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۈمىدۋار كىشىلەردە ئىمان بولىدۇ، ئىشەنچ-ئېتىقاد بولىدۇ. ئۈمىدسىز كىشىلەردە بولسا، ئىمان-ئېتىقاد سۇس بولىدۇ ياكى يوق بولغان بولىدۇ. ئادەمدە ئىمان بولمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا نە ئىشەنچ، نە ۋىجدان، نە ئىنسانىيلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ! ئادەم ئۈمىدۋار بولغاندىلا، ئۇ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ، نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ ۋە غەلىبىگە يۈزلىنىدۇ. ئادەم ئۈمىدسىز بولغاندا بولسا، ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، غەلىبىگە يۈزلىنەلمەيدۇ. ھەتتا قىلغان بارلىق ئىشلىرىدا مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىدۇ!

مەن بىر ئۈمىدۋار ئىنسانمەن! ھەم شۇنداق بولۇشۇم كېرەك! ئۈمىدۋارلىق مېنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىمانىمنىڭ جەۋھىرىدۇر. مەن ئۈمىدۋار بولغاچقىلا مەندە ئىمان-ئېتىقاد ۋە ئىشەنچ مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. ئەگەر مەن ئۈمىدسىز بولسام ئىمانىمنى يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىشەنچ ۋە كەلگۈسىمنى يوقاتقان بولىمەن! شۇنىڭ بىلەن مەن چۈشكۈنلىشىپ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن!

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھېچقاچان ئۈمىدىمنى يوقاتماسلىقىم كېرەك! قاچان ئۈمىدىمنى يوقىتىدىكەنمەن، ئۇ مېنىڭ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەنلىكىمنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا مەن ئىمانىمنى قانداق ساقلاش كېرەك بولسا، ئۈمىدۋارلىقىمنىمۇ شۇنداق ساقلىشىم كېرەك! ئۈمىدسىزلىك پاتقاققا پېتىپ قېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىم كېرەك! ئۈمىدۋارلىق مېنىڭ مەڭگۈ يوقىتىشقا بولمايدىغان ئەڭگۈشتەرىمدۇر!

شۇنداق! قېرىنداشلار مەن ئۈمىدۋارمەن! سىلەرمۇ ئۈمىدۋار بولۇڭلار! بىز ھەممىمىز ئۈمىدۋار بولايلى! ئۈمىدۋارلىق بىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىزنىڭ، ئىستىقبالغا ئىگە بولۇشىمىزنىڭ ئاساسىدۇر! بىز قاچانغىچە ئۈمىدۋارلىقنى يوقاتمايدىكەنمىز-غەلىبە بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ! شۇڭا ھەرگىزمۇ ئۈمىدىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز كېرەك! بىز قاچان ئۈمىدىمىزنى يوقىتىدىكەنمىز-مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەن بولىمىز! شۇڭا بىز قەتئىي ھالدا ئۈمىدۋارلىقنى باشلايلى! كەسكىنلىك بىلەن ئۈمىدسىزلىكنى تاشلايلى!

ئۈمىدۋارلىق مەسىلىسىدە بىز مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئالاھىدە قەلبىمىزگە ئورنىتىشىمىز كېرەك! بىرىنچىدىن، بىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان ئۈمىدىمىزنى قەتئىي يوقاتماسلىقىمىز كېرەك! چۈنكى، ئۈمىدۋارلىق غەلىبىنىڭ ئانىسىدۇر! ئىككىنچىدىن، بىز ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ ئاخىرى بىر كۈنى كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدىمىزنى قەتئىي ئۈزمەسلىكىمىز كېرەك! چۈنكى، ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى مەغلۇبىيەتتۇر!

مەن ئۈمىدۋارمەن! چۈنكى،
ئۈمىدۋارلىق ئىمانىنىڭ بېشى!
ئۈمىدسىزلىك شەيتانىنىڭ تېشى.

مەن ئۈمىدۋارمەن! چۈنكى،
ئۈمىدۋارلىق غالىبلارنىڭ ئانىسىدۇر!
ئۈمىدسىزلىك ئاجىزلارنىڭ باھانىسىدۇر.

مەن ئۈمىدۋارمەن! چۈنكى،
ئۈمىدۋارلىق ئىنساننى ئالغا باشلىتار،
ئۈمىدسىزلىك ئۇنى ئارقىغا تاشلىتار!

مەن ئۈمىدۋارمەن! چۈنكى،
ئۈمىدۋارلىق ئىنساننى غەلىبىگە باشلار،
ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ كۆزىنى ياشلار!

مەن ئۈمىدۋارمەن! چۈنكى،
ئۈمىدۋارلىق ئىنساننىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچار،
ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ تۇيغۇسىنى چاچار!

مەن ئۈمىدۋارمەن! چۈنكى،
ئۈمىدۋارلىق ئىنساننى چوققىغا باشلار،
ئۈمىدسىزلىك ئۇنى ئورىغا تاشلار!

مەن ئۈمىدۋارمەن! چۈنكى،
ئۈمىدۋارلىق ئىنساننى مەنزىلگە يەتكۈزەر،
ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ كۈچىنى كەتكۈزەر!

# - مەسەل ۋە دراما -

# دىۋە ۋە ئەجدەرھا

(مەسەل)

قۇتقۇزغۇچى پەرىشتە جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئۇ دىۋىلەر قوۋمىنى ئۇيغىتىشى كېرەك ئىدى. دىۋىلەر قوۋمى ئۇزاقتىن بۇيان ئۇخلاۋاتقان بولۇپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئەجدەرھا تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئېچىرقىغان قارنىغا يەم بولماقتا ئىدى. بۇنداق داۋام قىلىۋەرسە دىۋىلەرنىڭ نەسلى تۈگەپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. دىۋىلەر شاھىنىڭ ئۇيقۇسى تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ، كىم ئويغاتسا ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ، يوغان بازغاندەك ئالقانلىرى بىلەن ئۇنى مىجىۋەتمەكچى بولغاندەك ھەر تەرەپكە قولىنى سوزۇپ، ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەيۋاتاتتى. قۇتقۇزغۇچى پەرىشتە ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەي يىراقتىن تۇۋلاپ باقتى، خۇددى دىۋىلەر شاھىنىڭ قۇلىقى پاك بولۇپ قالغاندەك ھېچنېمىنى ئاڭلىمايۋاتاتتى. خەت يېزىپ شامالدا ئۇچۇرۇپ، كۆزنگە تەگلەپ باقتى، دىۋىلەر شاھى كۆزىنى ئاچمىغاچقا خەتنىمۇ كۆرمەيۋاتاتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ دىۋىلەر شاھىنى تىل بىلەن تۇۋلاپ، قەلەم بىلەن يېزىپ ئويغاتقىلى بولمىدى. كالللىسىغا

توقماق بىلەن ئۇرۇش كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇنىڭ مېڭىسى زەخىملىنىپ ، كاردىن چىقىسچۇ؟ قۇتقۇزغۇچى پەرىشتىنىڭ ئۇنداق قىلغۇسى يوق ئىدى. بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن ئالالاھقا دۇئا قىلىپ، يىلىنىشقا باشلىدى.

مۆجىزە ئاخىر يۈز بەردى. قۇتقۇزغۇچى پەرىشتىنىڭ دۇئاسى تېزلا ئىجابەت بولغان ئىدى. يىراقتىن يوغان بىر مەخلۇق ئوت يالقۇنىنى چاچرىتىپ، دىۋە شاھى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى. دىۋىلەر شاھى بىرنېمىنى تۇيغاندەك قىلىپ، بىر سىلكىنىپلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ كۆردىكى، يوغان بىر ئەجدەرھا ئوت چاچراتقىنىچە دەم تارتىپ، ئۇنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى. بۇ ۋاقىتتا دىۋىلەر شاھى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ئەجدەرھاغا قاراپ ۋارقىرىدى :-ئەي يىرتقۇچ! قان شورىغۇچى مەخلۇق ئارقاڭغا چېكىن! شالۋاقلىرىڭنى يىغۋال! بولمىسا سېنى ئۆتكۈر چىشلىرىم بىلەن چايناپ، پارام-پارچە قىلىۋېتىمەن. يوغان ئالقانلىرىم بىلەن ئۇرۇپ، مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن. بىلمەمسەن! سەن مېنىڭ يېغى ۋە ئەزەلى دۈشمىنىمسەن! سەن مېنىڭ ئەجدادلىرىمغا نۇرغۇن قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، يىتۈپ كەتمەكچى بولغانسەن! ئەمدى بۇ نىيىتىڭدىن ۋاز كەچ! بولمىسا سېنىڭ ئاقىۋىتىڭ ئىنتايىن يامان بولىدۇ!

ئەجدەرھا تىترەشكە باشلىدى. دىۋىلەر شاھى ئالقانلىرى بىلەن ئەجدەرھانىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوتنى ياندۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى. بارا-بارا ئەجدەرھا ئۆز ئوتىدا ئۆزى كۆيۈشكە باشلىدى ۋە « ئۆھۆ-ئۆھۆ » دېگىنىچە ئاشقازىنىنى ياندۇرۇپ چىقىرىۋەتتى. ئاخىرىدا كۈلگە

ئايلىنىپ، خۇددى چاڭ-توزاندەك ئەتراپقا تۇزۇپ كەتتى.

دىۋىلەر شاھى ئەمدى ئۆز نەسلداشلىرىغا خىتاب قىلىپ ۋارقىرىدى :- كېلىڭلار نەسلداشلىرىم! كېلىڭلار قېرىنداشلىرىم، بىز بىرلىكتە ئاتلىنىپ سۆمۈرۈۋېلىنغان قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزۇۋالايلى! ھايات قالغان بىر قىسىم دىۋىلەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئۆز شاھىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ: «ھۇررا! ھۇررا!»- دەپ تۋۋلاشقىنچە ئاتلىنىپ، ئەجدەرھانىڭ ئاشقازىنىنى قورشىۋالدى.

ئەجدەرھانىڭ ئاشقازىنى بولسا ئىچىگە يۇتۇۋالغان دىۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاسلا قالغان ئىدى. كۆپۈپ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. دىۋىلەر شاھى يېنىدا تۇرغان ۋەزىر سۆپەت بىر دىۋىگە بۇيرۇق قىلدى: كەس! بۇ تويمىغۇر مەخلۇقنىڭ قارنىنى. دىۋىلەر ۋەزىرى شۇنداق بىر قىلىچ ئۇرۇۋىدى، ئەجدەرھانىڭ ئاشقازىنى يېرىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇتۇۋېلىنغان دىۋىلەر: « ئاھ يورۇقلۇق! ئاھ قۇتقۇزغۇچى ! ئاھ خۇدا! » - دەپ تۋۋلىغانچە بىر-بىرلەپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يارىلانغان بولۇپ، يېرىمجان ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. دىۋىلەر شاھى ۋەزىرىگە: بۇلارنى بىردىن-بىردىن ساناپ چىقىش ئەمرىنى بەردى. دىۋىلەر ۋەزىرى ساناشقا باشلىدى: بىر... ئىككى... بىر مىڭ... يۈزمىڭ... بىر مىليون... بەش مىليون...

دىۋىلەر ۋەزىرى سان-ساناق ئەھۋالىنى شاھىغا مەلۇم قىلدى ۋە سەۋەبىنى سورىدى. دىۋىلەرشاھى بۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردى:بىرىنچىدىن،مەن ئۆز نەسلىمگە بولغان مەسئۇلىيەتتىن ئاللاھقا جاۋاب بېرىشىم كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئەجدەرھا شاھىدىن ھېساب ئېلىشىم

كېرەك. دىۋىلەر ۋەزىرى ئۆز شاھىنىڭ ھەممىتىگە بولغان قايىللىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۆزىنىڭ مۇنداق تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى: « بىز بۇنىڭدىن كېيىن دىۋىلەر قەۋمىگە ئۇيقۇ ۋە غاپىللىقنى مەنئى قىلايلى! ». دىۋىلەر شاھى ۋەزىرىنىڭ پىكرىنى تەستىقلىدى.

## مەسلە تاپشۇرۇش

(دىراما)

— دوكلات ۋاڭ باشلىق(ۋاڭ جۇجاڭ)! گۇماندار ئېلىپ كېلىندى!

ئىككى ياللانما ساقچى مۇھەممەت قوشاقچىنىڭ قولىنى ئارقىغا قايرىغان هالدا سەهنىگە ئېلىپ كىرىدۇ.

— ھەئە، توختاڭلار بىر مىنۇت، بىر مىنۇت! (ساقچى باشلىقى ۋاڭ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتماقتا)-ۋەي، ۋەي، خەن جۇجاڭمۇ؟ ياخشى، ياخشى. ھەئە، مەسلە تاپشۇرغۇزۇش ئىشىنى سوراۋاتامسىز؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئىشنى هازىر ئىنتايىن چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. هازىرغىچە ناهىيەمىزدىكى يېپىق تەربىيەلەش مەركىزىدە 10 مىڭغا يېقىن ئاشقۇن-ئەسەبىيلەرنىڭ مەسلىسىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. ھەئە! شۇنداق قىلىمىز. ھەئە، بىز بۇ ئىشنى ئەڭ ئاخىرقى بىر گۇماندار تۇگىگىچە داۋاملاشتۇرىمىز، خوپ بولىدۇ جۇجاڭ. بولىدۇ، بولىدۇ، خوش ئەمسە! (ۋاڭ جۇجاڭ تېلېفوننى قويۇۋېتىدۇ) - ھە، ئاشقۇن جىنايەتچى ئۇنسۇر مۇھەممەت قوشاق دېگەن مۇشۇمۇ؟ - دەپ سورايدۇ

ياللانـما سـاقچىلاردىن.

— ھەئـە، دەل ئـۆزى !— دەپ خۇشـامەتچىلىك بىلـەن پۈكۈلـۈپ تـۇرۇپ تـەڭلا جـاۋاب بېرىــدۇ ئىككـى ياللانـما سـاقچى.

بـۇ جەريانـدا ساقاللىق، ئـۇزۇن چاپـان ۋە دوپپـا كىيگـەن مۇھەممـەت قوشـاقچى سـاقچى باشـلىقىغا ھومايغـان قىياپەتتـە تىكىلىـپ قـاراپ تۇرىـدۇ.

سـاقچى باشـلىقى ۋاڭ مۇھەممەت قوشـاقچىنىڭ ئۈسـتىگە بىـر قـۇر قارىۋەتكەنـدىن كېيىـن سـوراقنى باشـلايدۇ:

ۋاڭ-ئىسمىڭ نېمە؟

قوشاقچى-ئىسـمىم مۇھەممـەت ئىمـىن، قوشـاقچى دېگـەن باشـقىلار مـاڭا قويـۇپ قويغـان لەقىمىـم. - دەپ مەغـرۇر ھالـدا جـاۋاب بېرىــدۇ.

— ئىسـمىڭنىڭ مەنىسـىنى بىزگـە ياۋاشـلىق بىلـەن دەپ بـەر! - دەپ ۋارقىرايـدۇ ۋاڭ سـاقچى باشـلىقى.

— ھەئـە، دەپ بېـرەي، ئەمسـە قۇلاقنـى دىـڭ تۇتـۇپ ياخشـى ئـاڭلا: مۇھەممـەت دېگـەن بىزنىـڭ ئۇلـۇغ دىنىمىـز ئىسـلامغا شـۇنداقلا پۈتكـۈل دۇنيادىكـى ئىنسـانلارغا ئەۋەتىلگـەن ئالاھنىـڭ ئەلچىسـى، پەيغەمبەرلەرنىـڭ ئاخىرى، ئىنسـانلارنىڭ ئـەڭ گۈزەلـى بولغـان مۇبـارەك زات مۇھەممـەد ئەلەيھىسـالامنىڭ ئىسـمىدۇر. ئىمـىن دېگـەن ئىسـىم بولسـا ئىشـەنچلىك، خاتىرجەملىـك، ئەمىنلىـك دېگـەن مەنىدىـدۇر . - دەپ ئىسـمىنى ئىزاھلايـدۇ قوشـاقچى.

قوشـاقچىنىڭ گېپـى تۈگـە-تۈگـمەسـتە سـەۋر قىلالمىغان ۋاڭ جۇجاڭ چالۋاقاشـقا باشـلايدۇ:

— بولـدى بـەس ئەبلـەغ! سـېنىڭ ئىسـمىڭنىڭ ئۆزىـلا چـوڭ بىـر مەسـىلە! سـېنىڭ ئىسـمىڭ رادىكاللىقنىـڭ،

ئەسەبىيلىكىنىڭ، ئاشقۇنلۇقىنىڭ ئىپادىسى. شۇنداقلا، ئىسمىڭنى كىم قويغان بولسا قويسۇن، ئۇنى مەقسەتلىك قويغانلىقى ئېنىق! سېنىڭ ئىسمىڭ شىنجاڭ ئازاد بولۇشىدىن بۇرۇن تۈركىيەگە قېچىپ كەتكەن شەرقىي تۈركىستانچى ئۇنسۇر مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن ئوخشاش بولۇپ قېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. سەن مۇشۇ ئىسمىڭ ئۈچۈنلا ئېغىر جازالىنىشىڭ كېرەك!

- قوللانغان ئىسمىغا قاراپ ئادەم جازالاش دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە يوق ئىشتۇر. بۇ ئادالەتسىزلىكتۇر. - دەيدۇ مۇھەممەت قوشاقچى رەددىيە بېرىپ.

- نېمە، نېمە؟ - دەپ داۋاملىق ئەزۋەيلەيدۇ ۋاڭ جۈجاڭ، - سەن تېخى يەنە ماڭا ئادالەتتىن سۆز ئېچىۋاتامسەن؟ ئېسىڭگە شۇنى سىلىپ قويايكى، دۇنيادا يوق ئىش بىزنىڭ بۇ كوممۇنىست دۆلىتىمىزدە بار، دۇنيادا يوق ئادالەت بىزنىڭ بۇ خىتاي دۆلىتىمىزدە بار! بىز ساڭا ھېلىلا ئادالەتنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمىز. ئەمما، سەن ئاۋۋال مەسىلەڭنى تىزدىن تاپشۇر!

- بولە، تېز بول! باشلىق سېنى مەسىلەڭنى تاپشۇر دەۋاتىدۇ! - دەپ مۇھەممەت قوشاقچىنى دۈشكۈلەيدۇ ئىككى ياللانما ساقچى. مۇھەممەت قوشاقچى ئۇلارنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ سالماق ھالدا تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇيدۇ:

مەن ئۆزۈم بىر پاك بەندە
قىلچە كىر يوق بۇ تەندە
ئىمانىم بار، چىڭ ئەقىدە
ھېچ مەسىلە يوق مەندە!

- ھەي ئۇيغۇر زىيۋازى، بۇ سېنىڭ خالىغانچە قوشاق ئوقۇيدىغان مەشرەپ سورۇنۇڭ ئەمەس، بۇ يەر دېگەن

ساقچى ئىدارىسى. مەسىلەڭنى ياۋاشلىقچە تاپشۇر، بولمىسا ساڭا بىزنىڭ جازا قوراللىرىنىڭ گۇمپىسىنى كۆرسىتىپ قويىمىز! - دەپ توك كالتىكىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرايدۇ ۋاڭ جۇجاڭ. گەپ تۈگىشى بىلەن ئىككى ياللانما ساقچى قايتىدىن مۇھەممەت قوشاقچىنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ تۇتىدۇ- بولە، مەسىلەڭنى ياۋاشلىقچە تىزدىن تاپشۇر! دەپ ۋارقىرايدۇ يەنە

- مەندە ھېچقانداق مەسىلە يوق، مەسىلەم بولمىسا قايسى مەسىلىنى تاپشۇرىمەن؟ - دەپ جاۋاب بېرىدۇ مۇھەممەت قوشاقچى ساقچى باشلىقىغا تىكىلىپ تۇرۇپ،

- قايسى مەسىلەمنى تاپشۇرىمەن دەمسەن؟ - دەپ كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلەيدۇ ۋاڭ جۇجاڭ-مەن ساڭا قايسى مەسىلەڭنى تاپشۇرسەن ياخشى دەپ بېرەي. بىرىنچى، سەن بۇرۇنقى مەسىلەڭنى تاپشۇرسەن، ئىككىنچىدىن، ھازىرقى مەسىلەڭنى تاپشۇرسەن.ئۈچىنچىدىن، كەلگۈسىدىكى مەسىلەڭنى تاپشۇرسەن. يەنى ھەممىسىنى تاپشۇرسەن! چۈشەندىڭمۇ؟

- چۈشەنمىدىم، چۈنكى مەندە ھېچقانداق مەسىلە يوق! - دەيدۇ مۇھەممەت قوشاقچى.

- ئالدىرىما، مەسىلەڭ بارمۇ يوق، بىز ھازىرلا ساڭا كۆرسىتىپ قويىمىز! - دەپ مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىدۇ ۋاڭ جۇجاڭ،-قېنى ئەمسە بىرىنچىسىدىن باشلايلى.

-ئالدى بىلەن بۇرۇنقى مەسىلىلىرىڭنى تاپشۇر.

- مەن بۇرۇن ھېچقانداق خاتالىق سادىر قىلىپ باقمىدىم، مەن قوشاق توقۇشتىن باشقىنى بىلمەيمەن دەيدۇ مۇھەممەت قوشاقچى.

- شىكايەتلەرگە قارىغاندا - دەيدۇ ساقچى

باشلىقى،-سەندە مۇنداق بىر قانچە ئېغىر مەسىلىلەر سادىر بولغان:

بىرىنچى، پارتىيەنىڭ ئۈستىدىن قالايمىقان قوشاق توقۇغان.

ئىككىنچى، پاسپورت ھەل قىلىپ چەتئەلگە چىقىشقا ئۇرۇنغان.

ئۈچىنچى، كادىرلارنىڭ رۇخسىتىسىز نەزىر بەرگەن.

تۆتىنچى، ناماز ئوقۇغاندا بەك ئۇزۇن دۇئا قىلغان.

يۇقىرىقىلار سېنىڭ جىنايىتىڭ بولماي نېمە؟

- دەپ ۋارقىرايدۇ ۋاڭ جۇجاڭ،- بۇ قىلمىشلىرىڭدىن تېنىۋالالمايسەن! – دەپ قوشۇپ قويىدۇ.

مۇھەممەت قوشاقچى قوشۇمىلىرىنى تۈرگەن ھالدا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

- ھەممىسى بۇرۇنقى ئىشلار. ئۇ ۋاقىتتا ھېچكىم بۇلارنى قانۇنغا خىلاپ دېمىگەن. ئەمدى بولغاندا نېمىشقا قانۇنغا خىلاپ بولۇپ قالغۇدەك؟

- ھازىر دېگەن سىياسەت باشقا، دۆلەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمىنلىكى ئۈچۈن، ھەممە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىسىنى تاپشۇرۇپ، ئىپادە بىلدۈرۈشى كېرەك!– دەيدۇ ۋاڭ جۇجاڭ ھەمدە سۆزىنى داۋام قىلىدۇ،- قېنى ئېيتىپ باقە، قانداق قوشاقلارنى توقۇدۇڭ؟ سېنىڭ قوشاقلىرىڭدا ئېغىر سىياسىي مەسىلە باركەن!

قوشاقلىرىمنىڭ نېمە مەسىلىسى بولسۇن، ئۆزۈڭ ئاڭلاپ باق ئەمسە دەپ قوشاق ئوقۇشنى باشلايدۇ:

كوممۇنانىڭ دەۋرىدە،
قالدۇق جاپا-جەۋرىدە.
ئاچ-يالىڭاچلىق دەردىدە،

يېتىپ قوپتۇق قەبرىدە.

ئاتا-ئانام بارىدا،
ھەممە نېمە ئارىدا.
كوممۇنا كېلىپ بىزگە،
ئەدەپ كەتتى يارىلا.

دۆيجاڭ دەيدۇ باي دېھقان،
كەمبەغەلنى خارلىغان.
كوممۇنامۇ ئوخشاشكەن،
بۇردا نانغا زارلىغان.

ھويلىمىز چىتلىق قاشا،
بېغىمىز كەڭرى-تاشا.
بەگدىن قالماس شۇ دۆيجاڭ،
چاپتۇردى بىكارغا ھاشار .

- بەللى، بەللى، مانا بۇ قوشاقلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتكە، پارتىيەگە قارشى گەپ-سۆزلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. مانا بۇ سىزنىڭ بىرىنچى مەسىلەڭ! - دەپ ئۆستەلدىكى خاتىرىگە بىر نېمىلەرنى يازىدۇ ساقچى باشلىقى. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلىدۇ:

- قېنى ئەمىسە، ئەمدى ھازىرقى مەسىلەڭنى تاپشۇر!

- دەپ ۋارقىرايدۇ ئۇ.

ھازىر مەندە نېمە مەسىلەم بولسۇن، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن! - دەپ مەغرۇر جاۋاب بېرىدۇ مۇھەممەت قوشاقچى.

- مەسىلەم يوق دەمسەن-دەپ مۇغەمبەرلەرچە كۈلىدۇ ساقچى باشلىقى، - سېنىڭ ھازىرقى تۇرقۇڭنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە. ھە ئېيتە، نېمشقا ساقال قويدۇڭ؟ نېمشقا ئۇزۇن چاپان كيىدىڭ ؟ نېمشقا دوپپا كيىدىڭ؟

- بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ئادىتىم، مەسىلەم ئەمەس! دەپ، زەردە بىلەن جاۋاب بېرىدۇ مۇھەممەت قوشاقچى.

-نېمە، نېمە؟ - دەپ ئورنىدىن قوپۇپ قوشاقچىنىڭ قېشىغا يۈگۈرەيدۇ ساقچى باشلىقى،- ھەي سىنكۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ، رادىكاللىقنىڭ ئالامىتى بىلەمسەن؟-دەپ مۇھەممەت قوشاقچىنىڭ ساقىلىنى قايچا بىلەن كېسىپ يۇلۇۋېتىدۇ.

مۇھەممەت قوشاقچى قەددىنى پۈكمەي تۇرۇپ يەنە مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇيدۇ:

سۆزنىڭ كۆركىدۇر ماقال.
ئەرنىڭ كۆركىدۇر ساقال.
سەن خىتاي بىزگە دوقال،
ھەققىڭ يوق بۇ يەردە
بىزنىڭ يۇرتىمىزدىن يوقال!

- تىلىڭنى تارت، ئەبلەغ! - دەپ سەۋرسىزلىك بىلەن چىچاڭشىيدۇ ساقچى باشلىقى،- شىنجاڭ دېگەن ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، بىز خەنزۇلار بۇ يەرنىڭ خوجايىنلىرى! - دەپ مەغرۇر گىدىيىدۇ.

مۇھەممەت قوشاقچى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

بۇ زېمىن ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت،
قۇرغان ئۇيغۇرلار ئىككى جۇمھۇرىيەت
تاڭالمايسەن بىزلەرگە قۇللۇقنى پەقەت،
بولالمايسەن ئۇيغۇرغا خوجايىن ئەبەد.

ـ بولـدى بـەس! ـ دەپ چىدىيالـماي قوشـاقچىنىڭ سـۆزىنى بۆلـدۇ سـاقچى باشـلىقى،ـ سـەن بـەك خەتەرلىـك جىنايەتچـى ئىكەنسـەن، سـەن سـېپىدىن مىللىـي بۆلگۈنچـى، تېرروررچـى ئىكەنسـەن.بۇلارنىڭ ھەممىسـى سـېنىڭ ئىككىنچى مەسـىلەڭدۇر! ـ دەپ يېنىدىكـى ياللانمـا سـاقچىلارغا قارايـدۇـ قېنـى، ئەمـدى بۇنىڭغـا ئادالەتنىـڭ تەمىنـى تېتىتىـپ قويـۇڭلار!

ئىككـى سـاقچى قوللىرىدىكـى كالتـەك بىلـەن مۇھەممەت قوشـاقنى ئۇرۇشـقا باشـلايدۇ، بىردەمدىـن كېيىـن مۇھەممـەت قوشـاق يەرگـە يېقىلىـدۇ.

ـھـە قانـداق، ئادالىتىمىزنىـڭ تەمـى قانداقكـەن؟ بىزنىـڭ بۇنىڭدىنمـۇ ئېسـىل ئادالەتلىرىمىـز بـار، ھېلىغـۇ سەنكەنسـە، نى-نـى نوچىلارنـى بويسـۇندۇرغان جـازا قوراللىرىمىـز بـار. سـېنىمۇ بىردەمـدە بـاش ئەگدۈرمـەي قويمايمىـز! ـ دېگىنىچـە قولىنـى شـىلتىپ ئۇياقتىن-بۇياققـا ماڭىـدۇ.

ـتـۇرە ئورنۇڭدىـن!ـدەپ ۋارقىرايـدۇ ئىككـى سـاقچى. مۇھەممـەت قوشـاق باشـلىرىدىكى قاننـى سۈرتكەچ ئورنىدىـن تۇرىـدۇ.

ـئەمـدى ئۈچىنچـى مەسـىلەڭنى تاپشـۇر! مەسـىلەن: كومپارتىيەگـە قارشـى چىقامسـەن؟ دۆلەتنـى پارچىلاشـقا ئۇرۇنامسـەن؟ مىللىـي بۆلگۈنچىلىـك ھەرىكەتلىرىگـە

قاتنىشامسەن؟ دىنىي ئەسەبىيلىككە ئارلىشامسەن؟ كاللاڭدا قانداق خىيالىڭ بار ھەممىنى تاپشۇر! ـ دەپ سوراق قىلدۇ ساقچى باشلىقى.

مۇھەممەت قوشاق بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

بىلمەيمەن ئالدىمدا نېمە بار،
دېمەيمەن كاللامدا نېمە بار،
قىلساڭمۇ ئۇرۇپ-قىيناپ مېنى خار،
قىلىمەن پەقەت شۇنى ئىزھار،
قەلبىمدە پەقەت بىر ئىلاھىم بار.

-بولدى بەس، توختات قوشاقلىرىڭنى! ـ دەپ ۋارقىرايدۇ ساقچى باشلىقى،- بەلكىم سەن ئىچىڭدە نۇرغۇن پىلانلارنى قىلغان، يوشۇرۇنچە ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتقان بۆلگۈنچى ھەتتاكى تېرورچى بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئېيتە قېنى، قانداق ئىشلارنى پىلانلىدىڭ؟
مۇھەممەت قوشاق بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

ئەمەسمەن بۆلگۈنچى بۇ زېمىن مېنىڭ،
تېرورلۇققا گۇۋاھتۇر ئىچكەن قېنىڭ،
يەيسەن بۇلاپ بىزنى، ھارامدۇر تېنىڭ،
يوقىلىسەن ، ئاز قالدى مەھشەر كۈنۈڭ!

مۇھەممەت قوشاق قوشىقىنى ئوقۇپ بولۇشىغا ۋاڭ يەنە ۋارقىرايدۇ:
- بولدى بەس ئەبلەغ! كومپارتىيە ھەرگىز

يوقالمايدۇ، ئەكسىچە بۇ گۈزەل ۋە مۇنبەت تۇپراقلارنى داۋاملىق بېسىپ يېتىپ، بايلىقلارنى سېكۈنت تۇرغۇزماي بۇلاپ-تالاپ، سەندەك بۆلگۈنچى-تېرروچى ئۇنسۇرلارنى يوقىتىدۇ. بۈگۈنكى ئىپادەڭ ۋە تاپشۇرغان مەسىلىلىرىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سەن ئىنتايىن خەتەرلىك بىر جىنايەتچى، قىلمىشىڭ بەك ئېغىر!

گەرچە ھازىرغىچە بىزگە ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىپ باقمىغان بولساڭمۇ، كاللاڭدىكى پىلانلىرىڭنى بىزگە ئېيتمىدىڭ. بۇنىڭدىن كېيىن قارشىلىق كۆرسىتىپ قېلىش ئېھتىماللىقىڭنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئىسپاتلىرىمىز سېنىڭ توقۇغان قوشاقلىرىڭدۇر. بۇ جىنايەتلىرىڭ ئۈچۈن ساڭا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ-سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىدۇ:

- تىز كېلىپ مانىڭغا ئىمزا قوي!

مۇھەممەت قوشاقچى قىمىر قىلماي جىم تۇرىدۇ.

:- ھەي، ئىككىڭ نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن، ئۇنى ئىمزا قويدۇرۇڭلار! – دەپ ياللانما ساقچىلارغا بۇيرۇق بېرىدۇ ساقچى باشلىقى.ئىككى ساقچى مۇھەممەت قوشاقچىنى ئىنتىرگەن ھالدا شىرەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە قولىنى مەجبۇرىي سوزۇپ، بىگىز بارمىقىنى تۇتۇپ بېسىپ، ئىقرارنامىگە قول قويدۇرىدۇ.

- ھەببەللى، جىنايىتىڭنى ئاكتىپلىق ئىقرار قىلىپمۇ بولدۇڭ، ئىقرارنامىگە ئۆز ئىختىيارلىقىڭ بىلەن ئىمزامۇ قويدۇڭ. سېنىڭ جىنايەتلىرىڭگە ئەسلى ئۆلۈم جازاسى بەرسەكمۇ بولاتتى، ئەمما ئادىل پارتىيە-ھۆكۈمىتىمىزنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ساڭا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى-دەپ بولۇپ، ئىككى ساقچىغا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ:

- ئېلىپ مېڭىڭلار، ھېلىقى سېسىق نامى پۇركەتكەن بىرىنچى تۈرمىگە سولانسۇن، ئاشۇ يەردە چىرىپ تۈگىسۇن بۇ ئەبلەخ!

مۇھەممەت قوشاقچى ئىككى ساقچىنى ئىتتىرىۋېتىپ قوللىرىنى چىقىرىۋالدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

-توختاش، مەنمۇ ئەڭ ئاخىرقى گېپىمنى دەۋالاي،- دەپ غەزەپ بىلەن قوشاق ئوقۇيدۇ:

ئەمەسمەن بىر ئەسەبىي،
ئۇيغۇرمەن بىر ساپ-سەبىي،
مۇسۇلمانمەن پاك تەبىئىي،
ئىرادەم بار بەك قەتئىي،
باش ئەگمەيمەن ئەبەدىي!

قىلساڭمۇ سەن كۆپ ھەيۋە؟
ئۇرساڭمۇ سەن ھەي تەلۋە؟
چىقارساڭمۇ بەك غەلۋە؟
تاپالمايسەن قىلچە كىر،
ھېچ مەسىلە يوق مەندە!

ئۇيغۇر بولماق ئەيىبمۇ؟
بولۇپ قالدىڭ كەيىپمۇ؟
قار چاپلىساڭ ئۇرۇپمۇ؟
مەن يەنىلا گۇناھسىز،
يۈزۈڭ قارا ھەجەپمۇ!

ئۇيغۇر بولسام ئۆزلۈكۈم،
باردۇر ئايرىم سۆزلۈكۈم،

شۇڭا بولغان ھۆرلۈكۈم،
يوقالساڭچۇ ئېلىمدىن،
كۆرمەس سېنى ھېچ كۆزۈم.

مۇھەممەت قوشاقنىڭ بۇ قوشىقىغا چىدىيالمىغان ۋاڭ ۋارقىرايدۇ:-نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن، ئۇنى كۆزۈمدىن يوقىتىش!

ئىككى ساقچى مۇھەممەت قوشاقنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

ساقچى باشلىقى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

-ئەڭ ئاددىي بىر قوشاقچىسى چېغىدا مۇشۇنداق بولسا، ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتنى يوقىتىش ھەقىقەتەن قېيىن ئوخشايدۇ...دەپ ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇڭشىيدۇ.

(تامام)